


4

1993

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION





جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى نورماللاشقانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇلتۇر 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن بۇيىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە ياپونىيىنىڭ دۇڭجىڭ، فۇگاڭ، جىڭدۇ قاتارلىق جايلىرىدا شىنجاڭ لوپنۇر رايونىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى «كىرورەن گۈزىلى»نىڭ جەسىتى، كىرورەندىن ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان 300 پارچىدىن ئارتۇق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمە قىلىندى.

«كىرورەن گۈزىلى»نىڭ سۈرىتىدىكى بۇ جەسىتى 4000 يىل بۇرۇنقى جەسەت بولۇپ، ئېلىمىزدە قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى ھېسابلىنىدۇ. 1980 - يىلى قېزىۋېلىنغان بۇ جەسەت يۇڭ باش كىيىم، يۇڭ پايپاق، تېرىدىن تىكىلگەن ئۆتۈك قاتارلىقلارنى كىيگەن. جەسەتنى رېنتگېندە سۈرەتكە ئېلىپ ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە، ئۆلگۈچىنىڭ 40-45 ياشتىكى ئايال بولۇپ، ئېگىزلىكى 152 سانتىمېتىر، ھازىرقى ئېغىرلىقى 10.7 كىلوگرام، باش، گەۋدە ۋە باشقا جايلىرىنىڭ ساقلىنىشى ياخشى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. ئاناتومىيىلىك كۆزىتىشتىن قارىغاندا، بۇ ئايالنىڭ قان تىپى O ئىكەن. ئىسكىلىتىنىڭ ھەممە ئەزاسى تولۇق ھەم ئۆز جايىدا، پەقەت كىچىككىلا قالغان. پۈتۈن بەدىنىنىڭ تېرىسى پارقىراق ھەم قاتتىق، رەڭگى كۆرشىنۋاي بولۇپ، قويۇق چېچى دولىسىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. قاڭشارلىق، قاش - كۆزى كېلىشكەن بولۇپ، ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەل چوكانلارنى ئەسلىتىدۇ. شۇڭا بۇ جەسەتكە «كىرورەن گۈزىلى» دەپ نام بېرىلگەن.

ئوڭدىن ①②③ سۈرەت: قېزىۋېلىنغان جەسەت، سولدىن ① سۈرەت: «كىرورەن گۈزىلى» جەسىتىنىڭ ئېلېكتروناۋۇق مېڭە ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى كۆرۈنۈشى.

— ئەخمەت رىشىت خەۋىرى



ئەدەبىيات، سەنئەت، ئالغا ئىلگىرلەش، تەشۋىقات ئىشلىرىنى
رادىيو، كىنو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرىنى
پىلانلىق راۋاجلاندۇرۇش، ھەمدە مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقى
لىرىنى ئۇرغۇتۇپ، يارىتىش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئاممىنىڭ
چوڭقۇر ياقتۇرىدىغان، ھەممىنىڭ قىزىقىشىغا ئېرىشكەن تۈرلۈك
ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىش، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن
يادرولۇق، جانلىق، مۇكەممەل مەدەنىيەت مۇھىتى يارىتىپ
بېرىش كېرەك. مەملىكىتىمىز مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك
يۈكسىلىشى ئۈچۈن بارلىق قاتلاملاردىكى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.
كۇتۇپخانىلار، كۇلۇبلار، تېخنىكا ئىستانسىلىرى، مەدەنىيەت ئۆيلىرى، مۇزېي
ۋە كۆرگەزمىخانىلار قاتارلىق مۇئەسسەسەلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش،
ئاساسىي قاتلاملاردىكى مەدەنىي پائالىيەت ئورۇن - ئورۇنلىرىنى
كۆپەيتىش، شەھەر - يېزىلاردا كۆپ خىل شەكىللىك ئاممىۋى
مەدەنىي تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە يېتەك
چىلىك قىلىش لازىم. مەدەنىيەتنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلا-
ھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جامائەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى
باشقۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىشىنى قوللاش، بىر قاتار مەدەنىيەت بازار-
لىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم؛ دۆلەت مەدەنىيەت-
سەنئەت ئىشلىرىغا بولغان ئىقتىسادىي تولۇقلىمىنى زۆرۈر دەرىجىدە ئاشۇرۇشى
تېگىشلىك. مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ
چىقىش، بۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى بازار ئىگىلىكى
تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان ئىسلاھاتلاشتۇرۇش، ھەم مەنىۋى مەدە-
نىيەتلەرنىڭ ئىلغار سەۋىيىگە ئاساسەن، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە
ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ
مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

(«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەملىكەت-
لىك قۇرۇلتىيىنىڭ 1- يىغىنىدا بېرىلگەن مەركىزىي كومىتېت
خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات»دىن)

شىنجاڭ مەدەنىيىتى          قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
42 - يىل نەشرى          1993 - يىل 4 - سان (ئومۇمىي 203 - سان)

# بۇ ساندا

## مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

ياپونىيىدە كىروورەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى .................... جىن رۇيىيۇڭ 3

## مەخسۇس ماقالە

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ يېڭى باھارى .................... مۇھەممەت زۇنۇن 4

## ئەدەبىيات گۈلزارى

شەيتان ئەينىكى .......... (ھېكايە) .......... خالىدە ئىسرائىل 22

## سەنئەت ئىسلاھاتى

نېمىشقا «قەشقەر سەنىمى»دىن ھالقىيالمايمىز؟ ...... كۇرەش رەجەپ 46

## سەھنە ئەسەرلىرى

سىرتماق .......... (دراما) .......... ئەختەم ئۆمەر 51

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

يېڭى ئىدىيە .......... (نەسر) .......... ئورفات 79

مۇقاۋىدا: «كىروورەن گۈزىلى» جەسىتىنىڭ ئېلېكترون مېڭە ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن سۈرىتى. رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان). مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: قۇربان مامۇت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)، ساتتار توختى
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت



# ياپونىيىدىكى كىرورەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى نورماللاشقانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى بۇلتۇر 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە ياپونىيىنىڭ دۇڭجىڭ، فۇگاڭ، جىڭدۇ قاتارلىق جايلىرىدا ئۆتكۈزۈلۈپ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە پائالىيىتىگە قاتناشقان جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى شىي ياۋخۇا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ، شىنجاڭدىكى كىرورەن قەدىمكى شەھىرىنىڭ باي، قىممەتلىك تارىخىي يادىكارلىقلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم چەت ئەللەردە كۆرگەزمە قىلىنىشى. كۆرگەزمە پائالىيىتى جۇڭگو ۋە ياپونىيە تەرەپتىكى مەسئۇل ئورۇنلارنىڭ ئون يىلدىن ئارتۇق تىرىشىشى ۋە ئىنچىكە تەييارلىق كۆرۈشى ئارقىسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. ئۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپونىيە خەلقىغە، جۇڭگو - ياپونىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللاشقانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن قىلغان سوۋغىتى بولۇپ قالدى. كۆرگەزمىگە «كىرورەن گۈزىلى» دەپ ئاتالغان، بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنقى ئايال مومىيا ۋە شۇنداقلا كىرورەن ئەتراپىدىن ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چىققان 300 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قويۇلدى. ئۇلار يۇقىرى تارىخىي تەتقىقات ۋە سەنئەت قىممىتىگە ئىگە.

كۆرگەزمە ياپونىيە خەلقىنىڭ چوڭقۇر ئىشتىياقىنى ۋە كەڭ كۆلەملىك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار 750 مىڭغا يېتىپ، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5000 دىن ئارتۇق ئادەم كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان.

**جېن رۇيىيۇڭ**




**(1993 - يىل 2 - سان، ئومۇمىي 15 - سان)**





## — «12 مۇقام» نەشر قىلىنىشنىڭ ئالدى – كەينىدە

**مۇھەممەت زۇنۇن**

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)

### شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى

شىنجاڭ ئۇزۇن تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە كۆپ مىللەتلىك قەدىمكى دىيار، ئالەمگە مەشھۇر «مۇقام – مەشرەپ، ناخشا – ئۇسسۇل ماكانى»، ئۇ ئۇزۇن مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋە مۇنبەت سەنئەت تۇپرىقىغا ئىگە.

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان «12 مۇقام» ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقنىڭ ئەڭ قەدىمكى ماكانلىرىدىن بىرى بولغان شىنجاڭدا ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، ئاتا – بوۋىلىرىمىز بېيىتقان ئېسىل سەنئەت بولۇپ، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل – پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا، ئۇ، پۇتۇن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل

بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قامۇس، غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك، بىباھا مىراستۇر. ئۇ، ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي، ھوزۇر ئېلىش ۋە ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە. شۇڭا، «12 مۇقام»نى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مىللەتنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

«12 مۇقام» ئون ئىككى پارچە مۇزىكا قامۇسىدۇر. ئۇلار: راك مۇقامى، چەببىيات مۇقامى، مۇشاۋىرەك مۇقامى، چارىگاھ مۇقامى، پەنجىگاھ مۇقامى، ئۆزھال مۇقامى، ئەجەم مۇقامى، ئۇششاق مۇقامى، بايات مۇقامى، ناۋا مۇقامى، سىگاھ مۇقامى، ئىراق مۇقامىدىن ئىبارەت بولۇپ، 365 ئاھاڭ، 2500 مىسراغا يېقىن شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تولۇق ئورۇنداشقا 24 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ.

«12 مۇقام» ئەلنەغمە، مەشرەپ مۇزىكىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن قويۇق خەلق ئاھاڭلىرى خۇسۇسىيىتىگە، يارقىن مىللىي خاسلىققا، روشەن مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىككە، سىستېمىلاشقان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىغا، مول ئاھاڭدارلىققا، مۇرەككەپ - قىيىن ئۇدار - رىتىمچانلىققا ئىگە. ھەر بىر مۇقام ئۆزىگىچە كۆي شەكلى ۋە خىلمۇ - خىل ئاھاڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ»تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. «12 مۇقام»دىكى «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» تىن ئىبارەت بۇ ئۈچ قىسىملىق مۇزىكا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە سالماق باشلىنىپ، جانلىق ئېچىلىش، قىزغىن راۋاجلىنىش ۋە يېنىك چۈشۈرۈلۈشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىدە زوق ۋە ھاياجان قوزغايدۇ، ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

«12 مۇقام» خەلقىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىشتىياقىنى، ئارزۇسىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى ۋە قابىلىيەت - ماھارەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى، باي تارىخىي مەنبەدارلىقى، ئەخلاق ئىلمى، پسىخولوگىيە ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ئىلىملىرى بىلەن زىچ بىرىككەن ئىلمىي سەنئەتلىك رولى ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان، مىللىي غۇرۇرىنى، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، سەنئەت ھوزۇرىنى ئاشۇرىدىغان ئىجتىمائىي قىممىتى بىلەن ھازىرقى زامان سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتىكى باي مەنبە ۋە قۇرۇلماس بۇلاقتۇر.

«12 مۇقام» قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى ناخشا ۋە مۇزىكا شەكلى ئارقىلىق تارقىلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ ئۆز تارىخىدا ئىككى قېتىم توپلىنىش، رەتلىنىش، قېلىپلاشتۇرۇلۇش، سەھنىلەشتۈرۈلۈشتىن ئىبارەت جاھانشۇمۇل ئىلمىي ئەمگەك باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان بۈيۈك مۇزىكا قامۇسىغا، خۇددى جۇياڭ تەرىپلىگەندەك: «شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق»قا ئايلاندى.

## مۇقام ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى

بۇنىڭدىن 400 نەچچە يىل ئىلگىرى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، مەرىپەتپەرۋەر، مەدەنىيەت - سەنئەت ھامىيسى سۇلتان ئابدۇرەشىد خاننىڭ ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن

ۋە ئاماننىساخاننىڭ بىۋاسىتە رىيا-
قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، مەشھۇر مۇقام ئۇستازى، شائىرە ئاماننىساخاننىڭ بىۋاسىتە رىيا-
سەتچىلىكى، قىدىرخان قاتارلىق شەرقنىڭ مەشھۇر مۇقام - مۇزىكاشۇناسلىرىنىڭ غوللۇق
خىزمەت كۆرسىتىشى، ھەر تەرەپتىن ئوردىغا جەلپ قىلىنغان سازەندىلەر، شائىرلار، ئۇس-
سۇلچىلارنىڭ ئىرىشىپ ئىشلىشى بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تەرتىپكە سېلىشتەك ئۇلۇغ
تارىخىي خىزمەت ئىشلەندى. ئاماننىساخان بىلەن قىدىرخان ئون نەچچە يىل يۈرەك قې-
نىنى سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ئەقىدە قىلىپ، ئادەتلەنگەن ۋاقىت بىرلىكلىرى
ۋە ئاسترونومىيىلىك ئۆلچەم - قانۇنىيەتلەرگە ئاساسلىنىپ، ئەسلىدە خەلق ئارىسىدا
تارقاق، ئۆلچەمسىز ھالدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن 17 كۈي - مۇقام ئاساسىدا «12 ئاي»
غا، «12 ۋاقىت - 24 سائەت» كە، «365 كۈن» گە ئۆلچەملەشتۈرۈپ، «12 مۇقام»نى
ئىلگىرىكى نەغمە ۋە مەشرەپ ھالىتىدىن، «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ»تىن ئىبا-
رەت ئۈچ چوڭ قىسمىدىن، ھەر بىر چوڭ قىسمىدىكى مۇزىكىلار مۇقىم، قانۇنىيەتلىك
بولغان نازۇك ئىچكى رېتىم ئۆزگىرىشلىرىدىن تەركىبلەنگەن مۇكەممەل، ئىلمىي، چوڭ
تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن، قېلىپلاشقان مۇزىكا قامۇسىغا ئايلاندۇردى. بىز ھازىر ۋارىسلىق
قىلىۋاتقان «12 مۇقام» ئەنە شۇ مۇقام ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىدۇر.

ئاماننىساخان، قىدىرخانلار تەرىپىدىن «12 مۇقام»نىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ئۇيغۇر
مۇقاملىرىنى كىلاسسىك سەۋىيىگە كۆتۈردى. ئۇلار «12 مۇقام» تېكىستلىرىنى سوپى - ئى-
شانلارنىڭ جاھالەتلىك قاراشلىرىغا زىت ئىلغار كىشىلىك قارىشىنى كۈيلەيدىغان تېكىستلار-
غا، ئالدى بىلەن ئەلىشىرنەۋائىي غەزەللىرى، خەلق داستانلىرى نەزمىلىرى ۋە خەلق
قوشاقلىرىغا ئالماشتۇردى. بۇ، «12 مۇقام»نى پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي ۋە تەربىيىۋى يۆ-
نىلىش جەھەتتە خەلقنى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى بىلەن تەربىيىلەشتە غايەت زور
ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ، مۇقامنى ئىنسانپەرۋەر ئىدىيىلەر دەستۇرىگە ئايلاندۇردى. ئۇلار
رەتلەپ مۇكەممەللەشتۈرگەن ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى،
نەغمە خەزىنىسىنىڭ موللىقى، مېلودىيىسىنىڭ گۈزەللىكى، ئىستېتىك لەززەت ۋە ئەخلاقىي
تەربىيىۋى رولىنىڭ تەسىرچانلىقى بىلەن يىپەك يولى باغرىدىكى بۇ ناخشا - ئۇسسۇل
ماكانىغا غايەت زور جانلىنىش ۋە شۆھرەت ئېلىپ كېلىپ، غەربتە ياۋروپا كلاسسىك مۇزى-
كا ژانىرىسى سىمفونىيىلەر مەيدانغا كەلگەن زاماندا، شەرقتە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئاسا-
سىي گەۋدە قىلغان، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە شېئىرىيەت زىچ بىرىككەن كلاسسىك سەنئەتنىڭ
ئالتۇن دەۋرى مەيدانغا كەلدى.

**40 يىللىق مۇساپە، مىللىي مەدەنىيەت ساھەسىدىكى غايەت زور نەتىجە**

يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى مەدەنىيەتكە، جۈملىدىن سەنئەتكە پاجىئەلىك ئاقىۋەت-
لەرنى ئېلىپ كەلدى. ئىلىم - پەن، سەنئەت ئورنىغا جاھالەت، نادانلىق ۋە ئەسەبىيلىك
ئالماشتى. فېئودال، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چەكلىشى، نابۇت قىلىشى تۈپەيلىدىن «12
مۇقام» پارچىلىنىش، ئۇنتۇلۇش ۋە يوقىلىش خەۋپىگە ئۇچراپ، مۇقامچىلارمۇ بارغانسېرى
ئازىيىپ كەتتى. شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىغىچە «12 مۇقام»نى بىر قەدەر تولۇق
ئېيتالايدىغان ئىككى - ئۈچ نەپەرلا ياشانغان مۇقامچىلارلا قالغان بولۇپ، «12 مۇقام»
يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «12 مۇقام»نى جىددىي

قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. «12 مۇقام»نى قۇتقۇزۇۋېلىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش بويىچە يېڭى تارىخىي دەۋر باشلىنىپ، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا بۇ قىممەتلىك مۇزىكا مىراسى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى.

«12 مۇقام»نى سىنىغا ئېلىش ئىشى تۇنجى قېتىم 1950-يىلى ئۈرۈمچىدە باشلاندى. شۇ يىلى، سەنئەت ئەربابى، سابىق يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاسىمجان قەمبىرى قاغىلىق ناھىيىسىدە مەشھۇر مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكىنى بايقاپ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلدى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن، قەشقەرلىق مۇقامچى قاسىم ئاخۇن (قاسىم ئەلنەغمە)، ئىلىدىكى مەشھۇر مۇقامچى روزى تەمبۇر، مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا، ئاتاغلىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايۇۋلارنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىشى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇنى ياردەمگە ئەۋەتىشى بىلەن شۇ يىلى 8 -، 9 - ئايلاردا «12 مۇقام»، جۈملىدىن بىرقىسىم ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى سىنىغا ئېلىندى.

بۇ قېتىم تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ھوشۇر ئاخۇننىڭ ئورۇنداشىدا «12 مۇقام»، قاسىم ئاخۇننىڭ ئورۇنداشىدا «12 مۇقام»نىڭ چوڭ نەغمىلىرى، روزى تەمبۇر بىلەن ئابدۇۋەلى جارۇللايۇۋنىڭ ئورۇنداشىدا «12 مۇقام»نىڭ داستان، مەشرەپلىرىمۇ سىنىغا ئېلىنىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكا، ھوشۇر ئاخۇن، روزى تەمبۇر، زىكرى ئەلپەتتا، ئابدۇۋەلى جارۇللايۇۋ جۈملىدىن كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇ بىلەن ئايالى لىيەن شياۋمېي ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتتى.

1951 - يىلى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدا «مۇزىكا گۇرۇپپىسى» تەسىس قىلىنىپ، ۋەن تۇڭشۇ، زىكرى ئەلپەتتا باشلىق 12 نەپەر خادىم ناچار ماددىي شارائىت ئاستىدا قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقىلىپ يۈرگەن «12 مۇقام»نى توپلاش، سىنىغا، لېنتىغا، نوتىغا ئېلىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش بويىچە ئون يىل جاپالىق، ئەمما ئاجايىپ نەتىجىلىك ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن داغدۇغىلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىۋاتقان كۈنلەردە تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ساتار بىلەن «12 مۇقام»نى پۈتۈن تېكىستلىرى بويىچە ئوقۇپ چىقىشى، ھوشۇر ئاخۇننىڭ داپ چېلىپ بېرىشى بىلەن «12 مۇقام» قايتىدىن تەپسىلىي لېنتىغا ۋە پلاستىنكىغا ئېلىندى. شۇنداقلا، روزى تەمبۇر، قاسىم ئاخۇن، روزى ھوشۇر قاتارلىق مۇقامچىلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم مۇقام ئورۇنداشلىرىمۇ لېنتىغا ئېلىندى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا يەكەن سەئىدىيە خانلىقى زامانىدا رەتلەنگەن كلاسسىك «12 مۇقام»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى نوپۇزلۇق ۋەكىلى، «12 مۇقام»نى ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ساپ ساقلاپ دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن پېشقەدەم نامايەندە، يېتۈك مۇقام ئۇستازى، تۆھپىكار مۇقامشۇناس بولۇپ، ئۇ، بۇ بۈيۈك بىلەن تۆھپىسى بىلەن 1987 - يىل ب د ت تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى»غا كىرگۈزۈلدى. ئۇ، ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا تۇنجى قېتىم

«دۇنيا مۇزىكا قامۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن مەشھۇر شەخستۇر.

بۇ قېتىمقى «12 مۇقام» تېكىستلىرىنى رەتلەشكە شائىرلاردىن نىمشېھىد ئەرمىيائېلى داموللا سايرامى، ئەرشىددىن تاتلىق، رەتلەنگەن تېكىستلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ياسىن ھاجى خۇدابەردى، تەرجىمە قىلىشقا شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجا، نوتىغا ئېلىشقا كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇ ئىشتىراك قىلىپ، قالتىس خىزمەت كۆرسەتتى.

ۋەن تۇڭشۇ باشچىلىقىدىكى ھەرمىللەت مۇزىكا خادىملىرى 1955 - يىلدىن 1960 - يىللىغىچە، تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن ھوشۇر ئاخۇن 1955 - يىلى ئورۇندىغان «12 مۇقام»نى نوتىغا ئېلىپ نەشرگە تەييارلىدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئورۇندىغان نۇسخىسىغا ئاساسەن نوتىغا ئېلىنغان «12 مۇقام» 1960 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن مۇزىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىككى توملۇق كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى ۋە شۇنىڭ بىلەن «12 مۇقام» قۇتقۇزۇپ قېلىندى.

بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەت دەرھال جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇزىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. «خەلق گېزىتى»، «خەلق مۇزىكىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق گېزىت - ژۇرناللار ئارقا - ئارقىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلارنىڭ ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن بۇ كاتتا نەتىجىسىنى تەبرىكلىدى. ھەم «12 مۇقام» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ، بۇ كلاسسىك مۇزىكا ئەسىرىنى «شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا مىراس» دەپ تەرىپلىدى؛ جۇياڭ مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا «نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق» دەپ يۈكسەك باھا بەردى.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئارىلىقتا ئۇزۇن يىللار ئۈزۈلۈپ قالغان مۇقام تەتقىقاتى نورمال ئىزغا سېلىنىپ، ئۇيغۇر «12 مۇقام»ىنىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كەلدى.

1976 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مۇقام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1981 - يىلى ئىسمائىل ئەھمەدىنىڭ بىۋاسىتە تەشەببۇسى ۋە قوللىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1989 - يىلى 3 - ئايدا تۆمۈر داۋامەتنىڭ قوللىشى ۋە تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كول ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، «12 مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنداش، سەھنىلەشتۈرۈش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتى تەشكىلىي، ماددىي، ئىلمىي كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇچقۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا ئورۇندىغان «12 مۇقام» نۇسخىسىغا ئاساسەن مۇزىكا خادىملىرىنىڭ 40 يىل جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىشى، ئىجتىھاد بىلەن ئىشلىشى ئارقىلىق «12 مۇقام»نى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، سەھنىلەشتۈرۈش جەھەتتە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1990 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ نادىر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، قايتىدىن تولۇق
يۈرۈشى بىلەن رەتلەپ چىقىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغانلىقىنى جاكارلاپ:
بۇ، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت
سېپىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجە، بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئې-
لىمىز خەلقىنىڭ كلاسسىك مىللىي سەنئەت ساھەسىدىكى غايەت زور زەپەر تەنتەنىسى، دېدى.

## ۋارىسلىق قىلىش يېڭىلىق يارىتىش دېمەكتۇر

خەلقىمىزنىڭ «12 مۇقام»دىن ئىبارەت تارىختىكى بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسىنى
ھازىرقى زامان سەنئىتىمىزنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە قەدىرلەش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش،
ۋارىسلىق قىلىشتىن مەقسەت — ئېسىل مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش
ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، ناخشا - ئۇسسۇلنى ئاساس، «12 مۇقام»-
نى مەنبە ۋە خۇرۇچ قىلغان ئۇيغۇر سەنئىتىنى زامانىۋىلىق يولىغا باشلاش، مۇقامنىڭ سەن-
ئەت شەكلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ،
يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي
شەكىل تەلىپى بويىچە قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، كونىلىرىدىن يې-
ڭىنى يارىتىپ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدى-
ئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بۆسۈش خاراكتېرىدىكى بىر تۈركۈم نادىر مۇزى-
كا ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىنى، بولۇپمۇ ناخشا - ئۇس-
سۇل سەنئىتىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ، شۇ ئاساستا يېڭى ۋە
يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

بىز «12 مۇقام» مۇزىكىلىرىدىن پايدىلىنىش، ئىجادىي ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىش، بە-
زى تېكىستلىرىنى مەزمۇنەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەش ئارقىلىق كۆپلىگەن ئوپېرا، تىياتىر مۇ-
زىكىلىرىنى ئىشلىدۇق؛ مۇقامنى «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇ-
رۇش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى
يارىتىش»، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرگە خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتە دەسلەپكى قەدەم-
دە ئىزدىنىپ، سىناق ئېلىپ بېرىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، قەدىمى-
كى سەنئەت بىلەن ھازىرقى مۇزىكا، ئۇسسۇلنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە بەلگىلىك ئىجادى-
يەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولدۇق.

1965 - يىلى «ئۇششاق» مۇقامى ئاساسىدا چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل ئىجاد قى-
لىنغاندىن كېيىن، 1975 - يىلى مۇقام مۇزىكىلىرى ئاساسىدا، ياپونغا قارشى ئىنقىلابىي
كۈرەش تېما قىلىنغان ئوپېرا «قىزىل چىراغ» ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىنىپ، قە-
دىمكى سەنئەت بىلەن ھازىرقى زامان مۇزىكا - ئۇسسۇلنى بىرلەشتۈرۈش — «كونى-
دىن يېڭىنى يارىتىش» جەھەتتە سىناق ئېلىپ بارغان، ئىزدەنگەنىدۇق. بولۇپمۇ پارتىيە
11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «ئۆزھال» مۇقامى
ئاساسىدا ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى ناخشا ئۇسسۇل - «مۇقام يۇرتىنىڭ باھارى»، شۇنداق-
لا، مۇقام نەغمىلىرى، داستانلىرى ئاساسىدا قايتا سەھنىلەشتۈرۈلگەن «غېرىب - سەنەم»

ئوپېراسى ۋە «مۇقام ئەجدادلىرى»، «ئامانىسا»، «پەرھاد - شېرىن» ئوپېرالىرى، جۇملە-
دىن مۇقام نەغمىلىرى، داستانلىرى ۋە مەشرەپلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن كۆپلىگەن ناخ-
شا - مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى، ياقتۇرۇپ
كۆرۈشى، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆ-
كۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە غەمخورلۇقى ۋە كۈچلۈك قوللىشى ئارقىلىق شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى
بىلەن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىرلىشىپ، «ئۆزھال» مۇقامى ئاساسىدا
چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «مۇقام يۇرتىنىڭ باھارى»نى ئىشلەپ چىقتى. كۈچلۈك
دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ئىگە بۇ يېڭى
دەۋر مۇقامىدا پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇ-
يان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىدا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرى مۇۋەپپەق-
يەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ساغلام ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن مۇكەممەل بەدى-
ئىي شەكىل ئورگانىك بىر گەۋدە قىلىنغانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستېتىك تە-
لىپى - زوقلىنىشى نەزەرگە ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئوينىلىشى بىلەنلا جەمئىيەتتە كۈچلۈك
تەسىر قوزغاپ، قىزغىن قارشى ئېلىندى؛ تاماشىبىنلار سەنئەتتىن بەھرى ئېلىپلا قالماي
چوڭقۇر تەربىيە ئالدى؛ ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئەنئەنىۋى سەن-
ئەت شەكلىدىن تىرىشىپ پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى يېڭىلاپ، يېڭى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈش ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ،
خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئىلھام بېرىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى گۈزەللەشتۈرۈپ،
ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە بىلەن تەمىن ئەتتى.

## قالتىس ئالقىش، دۇنياۋى شۆھرەت

«12 مۇقام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە خەلقنىڭ ئار-
زۇ - ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەنلىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تولىمۇ يېقىن بولۇشى، خەلقنىڭ
ئېستېتىك ئېڭى ۋە ھوزۇرلىنىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكى، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا
بىرلەشتۈرۈلگەن ئالاھىدە سەنئەت تۈرى بولغانلىقى، مۇزىكا رىتىمىنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى،
تەسىرلىك جەلپ قىلىش كۈچى، خىلمۇ - خىل ئىپادىلەش شەكلى، يېقىملىق، سالتە-
نەتلىك بايان خاراكتېرلىك سەنئەت ئۇسلۇبى يېڭى دەۋر سەنئىتىدە ھېلىمۇ ئاجايىپ
زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى بىۋاسىتە سەھنىلەشتۈرۈش ئارقىلىق سوتسىيالىس-
تىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقىلى، پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرگىلى بول-
دۇ. مەشرەپ شەكلىدە سەھنىلەشتۈرۈلگەن «چەبىيات» مۇقامىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە چەت
ئەللەردە ئورۇندىلىپ قالتىس مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تاماشىبىن-
لىرىنىڭ غايەت زور ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنلىكى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.
«چەبىيات» مۇقامى سەھنىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدا 100 مەيداندىن
ئارتۇق قويۇلدى. ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرى قايىللىق بىلەن: «مۇقامدىن ھەقىقىي

ھوزۇرلاندۇق» دېيىشتى.

«چەبىيات» مۇقامى 1986 - يىلى 10 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «4 - نۆۋەتلىك جۇڭ-
خۇا ساداسى ـــ مۇزىكا كۆرىكى»دە ئورۇندىلىپ پايتەختتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت سا-
ھەسىدىكى رەھبەرلەر ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. 1987 - يىلى 9 -
ئايدا تۇنجى قېتىملىق «جۇڭگو سەنئەت بايرىمى ـــ تەڭرىتاغدا كۈز» سەنئەت بايرىمىدا ۋە
1988 - يىلى 7 - ئايدا چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىنىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈل-
گەن «4 - نۆۋەتلىك غەربىي شىمال مۇزىكا ھەپتىلىكىنىڭ شىخەي مۇزىكا كۆرىكى» دە
ئورۇندىلىپمۇ قىزغىن قارشى ئېلىندى. لى رۇيخۇەن ئۈرۈمچىدە «چەبىيات» مۇقامىنى
كۆرگەندە: «ئاجايىپ ئېسىل سەنئەت ئىكەن، تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ پۈ-
تۈن مەملىكەتكە تونۇشتۇرۇڭلار» دېدى.

1992 ـــ يىلى 11 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» جەريا-
نىدا، 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كەچتە «خەلق» سارىيىدا «چەبىيات» مۇقامىنىڭ
چوڭ نەغمىسى، مۇقاملاردىن پارچىلار، مۇقام سىمفونىيىسى ئورۇندىلىپ، ئويۇننى
90 غا يېقىن دۆلەتنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار،
پايتەختتىكى مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى، مەملىكىتىمىزنىڭ
ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇقام ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلەر، پايتەخت خەلقىدىن
بولۇپ 2000 دىن ئارتۇق كىشى قىزىقىپ كۆرۈپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

«جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» جەريانىدا «چەبىيات» مۇقاملا ئىلگىرى - ئاخىر
بولۇپ «خەلق» سارىيى، بېيجىڭ مۇزىكا زالى، مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل
ئۆمىكىنىڭ زالىدا ۋە پايتەخت پولات - تۆمۈر شىركىتىدە توققۇز مەيدان ئورۇندىلىپ،
قىزغىن ئالقىش سادالىرىغا كۆمۈلدى. مۇقام سىمفونىيىسى ئورۇندالغان تۇنجى كۈنى 30
دىن كۆپرەك تيەنجىنلىك خۇەيخې دەرياسى بويىدىن ئاپتوبۇس بىلەن بېيجىڭغا كېلىپ
سىمفونىيىنى ئاڭلىدى ۋە كېچىلەپ تيەنجىنگە قايتتى، ئۇلار خۇشاللىق بىلەن: «شىنجاڭ-
دا مۇشۇنداق سىمفونىيىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمىز، سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇ-
قىرى ئىكەن» دېيىشتى.

«چەبىيات» مۇقامىنىڭ، جۈملىدىن بەزى مۇقام بۆلەكلىرىنىڭ سىفونىيىلەشتۈرۈلۈپ
«خەلق» سارىيىدا ئورۇندىلىشى بېيجىڭدا قالتىس زىلزىلە پەيدا قىلدى. تاماشىبىنلار چىن
قەلبىدىن ھاياجانلىنىپ: «قالتىس مۇۋەپپەقىيەت» دەپ ئالقىش ياڭراتتى. بەزى ئالىملار
بۇ «12 مۇقامنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىشنىڭ توغرا يولى» دېيىشتى. چەت ئەل-
لەرنىڭ دۆلىتىمىزدە تۇرۇشلۇق بەزى ئەلچىلىرى ۋە مەدەنىيەت مەسلىھەتچىلىرى ھايا-
جانلىنىپ، مۇقام ۋە مۇقام سىمفونىيىلىرىنى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ سەھنىلىرىدىمۇ كۆرۈش-
نى بەك ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى،

«چەبىيات» مۇقامى نادىر مۇزىكا ئەسىرى سۈپىتىدە دۇنياغا يۈزلىنىپ دۆلىتىمىزگە
قالتىس شان - شەرەپ كەلتۈردى.

1987 يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن
«خەلقئارا ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايرىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن ئايال پادىشاھ ئېلىزابېت مۇزىكا
زالىدا «چەبىيات» مۇقامى ئورۇندالغاندا تاماشىبىنلار ھاياجانغا تولۇپ، چاۋاك چېلىپ،
تەنتەنە قىلىپ، زالنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئەنگلىيە BBC رادىئو شىركىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى،

مۇزىكشۇناس ئاندىرسىن ئەپەندى: «بۈگۈن ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىجراسىنى ئاڭلىدىم» دېدى. ئەنگلىيىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى «چەببىيات» مۇقامى ھەققىدە باھا، ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇردى. تاماشىبىنلار: «‹12 مۇقام› دۇنيا مۇزىكا خەزىنىسىدىكى گۆھەر ئىكەن» دەپ باھا بېرىشتى.

«چەببىيات» مۇقامى 1988 - يىلى ئۆكتەبىردە شياڭگاڭ رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن «12 - قېتىملىق ئاسىيا سەنئەت بايرىمى»دا ئورۇندىلىپ قىزغىن ئالقىشلاندى. «چەببىيات» مۇقامىنىڭ ئورۇندىلىشى بۇ قېتىمقى سەنئەت بايرىمىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى، 11 دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقىسى بولدى. شياڭگاڭ گېزىتلىرى «چەببىيات» مۇقامى توغرىسىدا 48 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلەردە: شىنجاڭدىن بىر توپ قىزىلگۈل كېلىپ ئاسىيا سەنئەت بايرىمىنى قىزىلگۈلگە پۈركىدى، دېيىشتى. ياپونىيە مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئويۇن ئويۇشتۇرغۇچىسى شياۋچەي خانىم ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن قىزغىن ھېسسىيات بىلەن: «سىلەر ئورۇندىغان بۇ مۇقام ئاسىياغا ھەم ياۋروپاغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىلەرنىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بۇ ئىشتا سىلەرگە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ بېرىشكە رازىمەن» دېدى. ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق مۇزىكشۇناس، پروفېسسور يۇسۇف فاخول چىيەك ئەپەندى «چەببىيات» مۇقامىنى ئۇدا ئىككى قېتىم كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا: «مەن ئاھاڭدارلىقى يېقىملىق، رېتىمچانلىقى كۈچلۈك، ئاھاڭ بايلىقى مول، ھەجمى چوڭ بولغان مۇنداق مۇقامنى ھازىرغىچە ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇ، ھەقىقەتەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى ئىكەن، بۇنى چوقۇم قوغداپ قېلىش كېرەك. ئىمكانىيەت بولسا ‹12 مۇقام›نىڭ ھەممىسىنى مۇشۇنداق مىللىي شەكىل ئارقىلىق دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

1990 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسلامئاباد، كاراچى، لاھور، راۋالپىندى، پېشاۋۇر شەھەرلىرىدە زىيارەتتە بولۇپ ئويۇن قويۇپ، «چەببىيات» مۇقامىنى ئورۇنداپ، ئورتاق ھېسسىيات، كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. «چەببىيات» مۇقامى تۇنجى كۈنى (5 - مارت) كاراچىدا قويۇلغاندا كۇلۇبقا لىق تولغان تاماشىبىنلار ئويۇن داۋامىدا باشتىن - ئاياغ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپ تۇردى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا سىند ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى: «سىلەرنىڭ ئويۇنىڭلار مېنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلىۋالدى. بۇ مەن ئۈچۈن بىر قېتىملىق سەنئەت گۈزەللىكىدىن بەھرە ئېلىش بولدى ... مۇقاملار پاكىستاننىڭ خەلق سەنئىتى بىلەن بەكمۇ يېقىن ئىكەن، شۇڭا بىزگە بەكمۇ يېقىن تۇيۇلدى» دېدى.

3 - ئاينىڭ 9 -، 10 - كۈنلىرى لاھوردا قويۇلغان ئىككى مەيدان ئويۇنمۇ قىزغىن ئالقىشلاندى. پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ مەدەنىيەت - تەنتەربىيە نازىرى، سەنئەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاھناز شۇدىرى خانىم شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدىكىلەرگە: «سىلەرنىڭ ئويۇنىڭلارنىڭ سەۋىيىسى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىكەن، نومۇرلىرىڭلارنىڭ مەزمۇنى مول، رېتىمى ئېنىق ئىكەن. كىشىنى بەكمۇ خۇشاللاندۇرىدىكەن، روھلاندۇرىدىكەن، سىلەر قويغان

ئويۇن لاھورنى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدۈردى» دېدى.

پاكىستاندىكى 16 كۈنلۈك ئويۇن قويۇش جەريانىدا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى بارغانلا يېرىدە ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. پاكىستاننىڭ مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - ساياھەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىچكى كابېنت مىنىستىرى قايىللىق بىلەن: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن، سىلەرنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقالغان قەدىمكى سەنئەتنى توپلاپ، رەتلەپ، سەھنىلەشتۈرۈپ يېڭى ھاياتقا ۋە شان - شەرەپكە ئىگە قىلغانلىقىڭلار ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ» دېدى. ئويۇننى كۆرگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا: «سىلەرنىڭ ئېسىل مۇقامىڭلار ئانا ۋەتىنىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردى. جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، بىز سىلەر بىلەن پەخىرلىنىمىز» دېيىشتى. پاكىستان گېزىت - ژۇرناللىرى ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ پائالىيەتلىرىنى كەڭ - كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى.

1991 يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە «چەبىيات» مۇقامى ياۋروپادا ئۆتكۈزۈلگەن «ياۋروپا - يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى»غا قاتناشتۇرۇلۇپ، بايرام مەزگىلىدە گېرمانىيىنىڭ بېرلىن، ميۇنخېن، كيولن، ماينىز، فرانكفورت شەھەرلىرىدە، بېلگىيىنىڭ بريۇسېسل شەھىرىدە، شىۋېتسارىيىنىڭ جەنۋە، بېرن، بازىل شەھەرلىرىدە، گوللاندىيىنىڭ ئامستېردام ۋە دېڭىز قىرغىقى شەھەرلىرىدە ئورۇندىلىپ ياۋروپا ئەللىرىدىكى خەلقلەرنىڭ، ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قىزغىن ئالقىشىغا يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

شەرق مۇزىكىسى غەربىي ياۋروپا سەھنىسىدە، ياۋروپا خەلقىنىڭ سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىش ئادىتى، ئىستېتىك خاھىشىغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ - يوق، دېگەن مەسىلىدە دەسلەپتە بىزدىمۇ تازا ئىشەنچ يوق ئىدى. لېكىن گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە قويۇلغان تۇنجى مەيدان ئويۇنىمىز ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئويۇن باشلىنىپ، قەدىمكى پاسوندىكى مىللىچە كىيىملىرىنى كىيگەن، ساتار، دۇتار، غىجەك، خۇشتار، تەمبۇر قاتارلىق مىللىي چالغۇلارنى تۇتقان مۇقامچىلىرىمىز سەھنىدە پەيدا بولغاندا زال ئىچىدە ئۇزۇنغىچە ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. «چەبىيات» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغاندا چاۋاك ئاۋازلىرىدا زىلزىلىگە كەلگەن ھەيۋەتلىك زال ئىچى بىردىنلا تىمتاسلىققا چۆكتى. مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسمىنىڭ ھەر بىر بۆلەكچىسى ئاخىرلاشقاندا زال ئىچىدە قىزغىن چاۋاك، چۇقان سادالىرى ياڭراپ تۇردى. مۇقامنىڭ پۈتۈن قىسمى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېلانچىكلىرىمىز سەھنىگە چىقىپ، ئويۇننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى قايتا - قايتا ئېلان قىلغان بولسىمۇ، تاماشىبىنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، چاۋاك چېلىپ، چۇقان كۆتۈرۈپ، ئويۇننى يەنە داۋاملاشتۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر مۇقامچىلىرىمىز قايتىدىن سەھنىگە چىقىپ، «راك» مۇقامىدىن ئارىيە بىلەن بىر قانچە ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ئورۇنداشقا مەجبۇر بولدى. ئەسلىدە شۇ مەيدانلىق ئويۇندا بىزگە بېرىلگەن ۋاقىت بىر سائەت ئون مىنۇت ئىدى. ئەمما تاماشىبىنلارنىڭ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن تۇنجى مەيدانلىق

ئويۇن ئىككى سائەت داۋاملاشتى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا ميونخېن مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مەسئۇلى، بۇ قېتىملىق سەنئەت بايرىمىنىڭ ۋەكىلى، مۇزىكىشۇناس مارىي خانىم ئويۇنىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۈگۈن تۈنجى مەيدان ئورۇندىغان ئويۇنىڭلار گېرمانىيە تاماشىبىنلىرىنىڭ قەلبىگە بىر خىل گۈزەل - ئىستېتىك زوق بېغىشلاپ، قىزغىن ئالقىشلاندى. سىلەر چالغان مۇزىكىلار، ئېيتقان ناخشىلار، سىلەرنىڭ ئورۇنداش ماھارىتىڭلار مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئويۇن نومۇرلىرىڭلار كۆپ خىل ۋە جەلپ قىلارلىق ئىكەن. بىز سىلەرنى تەبرىكلەيمىز، گېرمانىيە خەلقى سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ» دېدى.

ئىككىنچى مەيدان ئويۇن بېرلىن شەھىرىنىڭ مۇزىكا زالىدا قويۇلدى. «چەبىيات» مۇقامى ئورۇندىلىپ مەشرەپ قىسمىغا كەلگەندە، تاماشىبىنلار ھاياجىنىنى باسالماي، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، سەھنىگە چىقىپ مۇقامچىلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. پۈتۈن زال قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياۋروپا خەلق سەنئىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، «ياۋروپا يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى»نىڭ رەئىسى، دوكتور خەبب توما ئەپەندى بىزگە: «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامچىلىرىنى تەكلىپ قىلغانلىقىمنىڭ نەتىجىسىنى كۆردۈم. بۇ ئىشتا تامامەن توغرا قىلغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. بۈگۈنگىچە بۇ زالدا نۇرغۇن سەنئەت ئۆمەكلىرى ئويۇن قويغانىدى، ئەمما بېرلىن خەلقىنى سىلەردەك ھاياجانغا سالغان ئۆمەك بۇ سەھنىگە كەم چىققتى» دېدى.

«چەبىيات» مۇقامى بېلگىيە، شۋېتسارىيە ۋە گوللاندىيىدىمۇ ئاجايىپ قىزغىن قارشى ئېلىندى. شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى بېلگىيىنىڭ پايتەختى برىيۇسېسىل شەھىرىنىڭ مۇزىكا زالىدا ئويۇن قويغاندا دۆلىتىمىزنىڭ بېلگىيىدە ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شاۋداۋشىن ھاياجانلانغان ھالدا سەھنىگە چىقىپ: «بىز جۇڭگولۇق بولغانلىقىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز. مەن تا ھازىرغىچە بۇ يەردىكى تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سېلىپ بۇ قەدەر ئالقىشلانغان ئۆمەكنىڭ ئويۇنىنى تېخى كۆرمىگەنىدىم. بىز سىلەر بىلەن پەخىرلىنىمىز» دېدى.

ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئوسمان ئەمەت، مۇھەممەت تۇرسۇن قاتارلىق ياش مۇقامچىلىرىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكى 1993 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ئىران مۇزىكا بايرىمى»غا قاتنىشىپ، مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ۋەتىنىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردى.

تۇنجى مەيدان ئويۇننى جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكى قويدى. ئويۇن جەريانىدا ئوسمان ئەمەت ئورۇندىغان «چەبىيات مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى»، «راك مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى»، مۇھەممەت تۇرسۇن ئورۇندىغان «چارىگاھ مۇقامىنىڭ 3 - داستانى»، «مۇقام ئەجدادى» ... قاتارلىق مۇقام - ناخشىلار تاماشىبىنلارنىڭ توختىماي ياڭراتقان ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قايتا - قايتا ئورۇندالدى. ئىران تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئىران رادىئو ئىستانسىسى ئويۇننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى پۈتۈن مەملىكەتكە كۆرسەتتى ۋە ئاڭلاتتى. ئىراننىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا خەۋەر - ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. مۇقام ئۆمىكى تەلەپ بويىچە تېھراندا يەنە بىر

لەچچە مەيدان ئويۇن كۆرسەتتى. مۇزىكا بايرىمى ئاخىرلاشقاندا ئىران مەدەنىيەت مىنىس-
تىرلىكى ۋە باھالاش كومىتېتى جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكىگە «شەرەپ مۇكاپاتى» بەردى.
دېمەك، «چەبىيات» مۇقامىنىڭ دۆلىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا شۇنچە زور تەسىر قوزغاپ،
دۇنياۋى كاتتا شۆھرەتكە ئېرىشكەنلىكى «12 مۇقام»دىن ئىبارەت بۇ ئېسىل مىللىي
سەنئەتكە بولغان پەخىرلەنلىك ۋە ھۆرمىتىمىزنى ئاشۇرۇپلا قالماي، مىللىتىمىزنىڭ
مۇقامدىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھىرىنى تېخىمۇ قەدىرلەش، تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇش، ئۇ-
نى دۇنيا سەھنىلىرىگە يۈزلەندۈرۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى؛ بۇ ئېسىل مىللىي سەن-
ئىتىمىزنى خىلمۇ خىل شەكىللەر بىلەن سەھنىلەشتۈرۈپ ۋە ئۇنى يېڭى دەۋر سەنئەت
ئىجادىيىتى ئۈچۈن مەنبە ۋە خۇرۇچ قىلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئېستېتىك زوقىغا ھۆرمەت
قىلىپ، ئۇلار ياقتۇرىدىغان بەدىئىي شەكىللەرنى تېپىپ چىقىپ، يۇقىرى بەدىئىي ماھا-
رەت ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك ئويۇنلىرىمىز بىلەن ئۇنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، زامانىۋى-
لىق يولىغا باشلاپ، مىللىي ھېسسىياتنى تەربىيىلەپ، مىللىي ھېسسىياتنى ساغلاملاشتۇ-
رۇپ، مىللىي روھنى يۈكسەلدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا، روشەن مىللىي ئالاھىدى-
لىككە ئىگە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى،
مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

## خاسىيەتلىك يىل، كاتتا مەرىكە

1992 - يىل ئۇيغۇر مۇقاملىرى تارىخىدا قالتىس خاسىيەتلىك، قۇتلۇق بىر يىل
بولدى. مۇقام ئەھلىنىڭ تارىختا كۆلىمى ئەڭ زور، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ئاپتونوم
رايون، مەملىكەت خاراكتېرلىك كاتتا يىغىلىشى — ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - قېتىم-
لىق ئۇيغۇر «12 مۇقام» تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى يەكەندە، «جۇڭگو ئۇيغۇر
مۇقامى پائالىيىتى» بېيجىڭدا قىزغىن تەنتەنە ئىچىدە غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى!

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەممىي غەمخور-
لۇقى بىلەن 1992 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون
بويىچە 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر «12 مۇقام» تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مۇقام
يۇرتى يەكەن ناھىيىسىدە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك ئالىم، مۇتە-
خەسسىس، سەنئەتكارلار، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماق-
لىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ
ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قەييۇم باۋۇدۇن مەملىكەتلىك سىياسىي
كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل
ئەھمەدنىڭ يىغىنغا بېغىشلاپ يازغان تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ
رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىغا يۈكسەك باھا بېرىپ مۇھىم سۆز قىلدى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر قىسىم پارتىيە،
ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى، يەكەندىكى 5000 دىن ئارتۇق
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتنىشىشى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، يەكەن ناھىيىلىك سەن-
ئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئارتىسلىرى ئورۇندىغان ياڭراق مۇقام ساداسى،
شائىرلارنىڭ يالقۇنلۇق دېكلاماتسىيىلىرى، كوللېكتىپ ساما ئۇسسۇلى ساداسى ئىچىدە

يەكەن غەدىنگەرلىك باغچىسىدا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مەشھۇر مۇقام ئۇستازى، شائىرە ئاماننىساخاننىڭ ھەيكىلى پۈتتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن داغدۇغىلىق يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى، يەكەن «ئالتۇنلۇقۇم» قەبرىستانلىقىدا ئاماننىساخاننىڭ يېڭىدىن ياسالغان قەبرىگاھى پۈتتۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. تۆمۈر داۋامەت ئاماننىساخان ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىپ، بۇ مۇراسىمغا بېغىشلاپ يازغان «زەرەپشان بويىدىكى شادلىق كۈلكىسى» ۋە «ياڭرا مۇقام» ناملىق ئىككى شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىدا قەييۇم باۋۇدۇن سۆز قىلىپ، ئاماننىساخان ۋە مۇقام ئۇستازى قېدىرخاننىڭ «12 مۇقام»نى توپلاش، رەتلەش، بېيىتىش ۋە كۈي شەكلى بويىچە يۈرۈشلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنى بىر پۈتۈن، مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە چوڭ ھەجىملىك مۇزىكا قامۇسى قىلىپ رەتلەپ چىققان بۈيۈك تارىخىي تۆھپىسىگە يۈكسەك باھا بەردى.

يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن تۆمۈر داۋامەت «ئالتۇنلۇقۇم» قەبرىستانلىقىدا ئاماننىساخاننىڭ يېڭىدىن ياسالغان قەبرىگاھىنىڭ پۈتتۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كەستى.

رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى «12 مۇقام» تەتقىقاتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسىنى شەرھلەپ، ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، سەنئەتكارلارغا زور ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. يىغىن جەريانىدا 70 كە يېقىن ئالىم ۋە مۇتەخەسسىس ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى تولۇپ - تاشقان ئېپتىخارلىق بىلەن، ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام»نى قۇتقۇزۇۋېلىش، توپلاش، رەتلەش، نوتىغا، قاپلىق لېنتىغا ئېلىپ نەشر قىلىش ۋە تەتقىقات جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن زور نەتىجىلەرنى كەڭ - كۇشادە سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەييۇم باۋۇدۇن خۇلاسىلەپ ئۆتكەندەك: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، سەنئەت ئەربابلىرى، كەڭ سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ بىر قېتىملىق كاتتا مۇقام مەرىكىسى، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرىكى، ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغان، كۆڭۈل ئازادلىكىگە تولغان كاتتا يىغىن بولدى؛ شۇنداقلا، ئۆزئارا ئۆگىنىش، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى؛ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق ئالغا بېسىش يىغىنى بولدى ... يىل ئاخىرىدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تۇنجى قېتىملىق خەلقئارالىق جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتىگە ئوبدان ئاساس سالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە پۇختا تەييارلىق قىلىشى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشتىن - ئاخىر قىزغىن قوللىشى، مەدەت بېرىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن 1992 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە

جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەتچىلىرىدىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى لى تېيىڭ گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭغا ۋەكالىتەن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ قىزغىن تەبرىكلىدى.

«جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» ئىلمىي مۇھاكىمە، ئويۇن قويۇش، كۆرگەزمە ۋە مۇقام تۆھپىكارلىرىنى مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەت تۆت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە ئۇيغۇر مۇقامىنى ئاساسىي تېما قىلغان تۇنجى قېتىملىق كاتتا ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتى ۋە سەنئەت پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، كورىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ۋە شياڭگاڭ، تەيۋەندىن كەلگەن ئالىملار، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىن بارغان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى، جۇڭگو مۇزىكا ئىنستىتۇتى، شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن كەلگەن ئىلىم ئەھلىلىرى بىرلىكتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتىدىكى يېڭى ئىلمىي نەتىجىلىرىنى يىغىنغا سۇنۇپ، تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئىلمىي ئۆلچەم، ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شەكىللىنىش، قېلىپلىشىش تارىخى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، مەنبە — ئېقىملىرى ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىز ۋە دۇنيا مۇزىكا مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ، ئوبيېكتىپ باھا بەردى. ئۇلار مۇقامنىڭ پەيدا بولۇشى، شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى، تارىخى، مۇزىكا قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، مۇقاملارنىڭ ئىسمى، تېكىستولوگىيىسى قاتارلىق تەرەپلەردىن تارىخىي يوسۇندا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: «ئۇيغۇر مۇقامى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان، يېڭىلانغان، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. مۇقام رەسمىي شەكىللەنگەندىن كېيىن زور دەرىجىدە تۇراقلاشتى، شۇنداقلا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ھەتتا كورىيىگىچە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى».

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىيۈەنجاڭى سەيپىدىن ئەزىزى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مەخسۇس تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە، مۇقام تەتقىقاتى، مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، ھەتتا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مۇقەررەر خاتىرە قالدۇرىدۇ. مۇقام — ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدىكى گۆھەرلەرنىڭ بىرى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، مۇقام مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى جەلپ قىلىدىغان تېمىغا ئايلاندى. ھەم مۇشۇ ئاساستا يېڭى بىر خىل ئىلىم — مۇقامشۇناسلىق ئىلمى شەكىللەندى.»

رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئەۋەتكەن يازما نۇتقىدا ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسى ئەسلەپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەن: «ئازادلىقتىن كېيىن ‹12 مۇقام› يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى. ‹12 مۇقام›نى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى تېز بولدى. ئون يۈرۈش مۇقام مۇزىكىسى يېڭىباشتىن نوتىغا ئېلىندى. ‹ناۋا مۇقامى›، ‹پەنجىگاھ مۇقامى›، ‹چەبىيات مۇقامى› قاتارلىق 12 يۈرۈش مۇقام قوتىلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلەپ تارقىتىلدى. نۆۋەتتە مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى ئامېرىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، ئىران، كورىيە ھەم تەيۋەن، شياڭگاڭلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى ئورتاق تەتقىق قىلماقتا. بۇنىڭ بىلەن مۇقام خەلقئارادا كەڭ ئالاقە ئورنىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، ئۇيغۇر مۇقامى خەلقئارا مۇنبەرگە، خەلقئارالىق چوڭ سەھنىگە چىقتى.»

بۇ قېتىمقى «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» دە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر خاسىيەتلىك ئىش شۇ بولدىكى، بىر ئۆمۈر مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقام سەنئىتى ئۈچۈن ئاجايىپ سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلغان، ئۇيغۇر «12 مۇقام»ى ۋە يەرلىك مۇقاملارنى ساقلاش، كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئورۇنداش، دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈشتە قالتىس خىزمەت كۆرسەتكەن ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، مۇقامچىلار، ئاتاقلىق خەلق سەنئەتچىلىرىدىن ھۇسەنجان جامى، ۋەن تۇڭشۇ، ئەمەتجان ئەھمىدى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، جۇ جېڭباۋ، ئابلىز شاكىر، قاۋۇل تۇردى، تۇرنىسا سالاھىدىن، ئوسمان ئەمەت، ئېلى ئىسمائىل قاتارلىق ئون نەپەر كىشىگە «مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدا خىزمەت كۆرسەتكەن مۇقامشۇناس» دەپ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوۋ، شېرىپ ئاخۇن، ئۆمەر ئاخۇن، روزى ھوشۇر، شاھ مەھەممەت، مەڭلەشخان، ئىسمائىلجان ئۆمەر، مۇھەممەت تۇردى، قەييۇم يۇنۇس، ئىبراھىم ئاخۇن قاتارلىق ئون نەپەر كىشىگە «مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدا خىزمەت كۆرسەتكەن خەلق سەنئەتچىسى» دەپ نام بېرىلىپ، مۇكاپاتلىنىپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارغا يۈكسەك شان - شەرەپ ئاتا قىلدى.

يەكەندە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ بويىچە 2 - قېتىملىق ئۇيغۇر «12 مۇقام» تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بىلەن بۇ قېتىمقى «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» ئارقىلىق ئازادلىقتىن بۇيانقى 42 يىل مابەينىدە «12 مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر داغدۇغىلىق كۆرەك قىلىندى. بۇ، «12 مۇقام» تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى، شۇنداقلا، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى بويىچە يېڭى بىر پەن شەكىللىنىشكە باشلاپ، قابىل ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنى مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى، مۇقام تەتقىقاتىنىڭ سىستېمىلىق، مۇكەممەل ۋە يۈرۈشلەشكەن ھالدا يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى، تەتقىقات ئوبيېكتى، كۆلىمى، سەۋىيىسىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى نامايەن قىلدى.

## ياخشى باشلىنىش، جىددىي تەقەززا

بىز ھازىر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەۋلادلىرىمىزغا يول ئاچىدىغان، قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىدىغان تارىخىي دەۋردە تۇرماقتىمىز. بىز ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ

ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىساق، قەلبىمىز چوڭقۇر ئىپتىخارلىق، يۈكسەك بۇرچ، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ.

ئەتىجىلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈۋىشىمىز كېرەككى، «12 مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن نەتىجىلىك تاماملانغان بولسىمۇ، بۇ ئىلمىي خىزمەتنىڭ تېخى ئەلتۈكۈس تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يەرلىك مۇقاملار ۋە تۈرلۈك سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ.

«12 مۇقام»نىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، مول ئاھاڭدارلىقى، مۇرەككەپ - قىيىن ئۇدار - رېتىمچانلىق خۇسۇسىيىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېيتقان «12 مۇقام»نى ئاساس قىلىپ، جايلاردىكى ئەلنەغمىچىلەر تارقاق هالدا ئورۇندىغان مۇقاملاردىن پارچىلار ۋە خەلق ناخشىلىرىدىن بىر قىسمىنى مۇقاملارغا سەپلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن هازىرقى رەتلەنگەن «12 مۇقام»نى تېخى تولۇق، مۇكەممەل، مۇقىم شەكىللەنگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان بىردىنبىر نۇسخىسى، دەپ ئېيتالمايمىز. ئۇزاق مۇددەتلىك سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەنىمۇ ئىزدىنىشىمىزگە، تولۇقلىشىمىزغا، مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. «12 مۇقام» ۋە يەرلىك مۇقاملارنى داۋاملىق يىغىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئورۇنداش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشىر قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدىكى ئىجادچانلىقنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، مۇقام ساھەسىدە مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدىكى ئىجادچانلىقنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، يېڭى - يېڭى مۇقاملارنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەۋلادلىرىمىزغا يېڭى يول ئېچىپ، مۇقام مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش — دەۋرنىڭ تەلىپى، تەقەززاسى! ئاتاقلىق مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا ئىجاد قىلغان «رۇخسار» مۇقامىنىڭ خەلق ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنىپ، رەسمىي مۇقام ئاتىلىپ «12 مۇقام» قاتارىدا شۆھرەتلەنگەنلىكى بۇ پىكرىمىزنىڭ روشەن ئىلمىي دەلىلىدۇر.

شىنجاڭ قەدىمكى «يىپەك يولى»نىڭ مۇهىم تۈگۈنىگە جايلاشقان. بۇ يەردە شانلىق قەدىمكى مەدەنىيەت، باي ۋە گۈزەل خەلق سەنئىتى بارلىققا كەلگەن. «12 مۇقام» جۈملىدىن يەرلىك كۈي - نەغمىلەر (مەشرەپلەر)، قوشاق - بېيىتلار ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك مەنىۋى مەدەنىيەت، سەنئەت مىراسى، هازىرقى زامان سەھنە سەنئىتىمىزنىڭ خەزىنە بۆشۈكى بولۇپ كەلمەكتە.

هازىر تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلىنىپ قايتا نەشىر قىلىنغان «12 مۇقام» قەشقەر، خوتەن، كۇچا، ئىلىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، تارىختىن بۇيان خەلق ئىچىدە «قەشقەر مۇقاملىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا، يەكەن دەريا ۋادىسى، تارىم دەريا ۋادىسى، مەكىت، ئاۋات، لوپنۇر ناهىيىلىرىدە كەڭ تارقالغان «دولان مەشرەپ مۇقاملىرى» (دولان توققۇز مۇقامى)، كۇچا، توقسۇ، شايار ناهىيىلىرىدە كەڭ تارقالغان «كۇچا چوڭ نەغمىلىرى» (ئون يۈرۈش چوڭ نەغمە)، تۇرپاندا كەڭ تارقالغان «تۇرپان مەشرەپ مۇقامى» (ئون يۈرۈش چوڭ نەغمە)، توقسۇندا كەڭ تارقالغان «دەرد - داغ مۇقامى»، قۇمۇلدا كەڭ تارقالغان «قۇمۇل مەشرەپ مۇقامى» (قۇمۇل 12 مۇقامى) قاتارلىق يەرلىك مەشرەپ مۇقاملىرى بار. بۇ مۇقاملار گەرچە «قەشقەر مۇقاملىرى»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن قويۇق يەرلىك پۇراققا ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە سەنئەت ئۇسلۇبىغا ئىگە.

پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەر ئىچىدە «يۇسۇف - ئەھمەد»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاھاڭلىرى ۋە ھەر خىل تارماق مۇقاملار ساقلانماقتا. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت - سەنئەت تارماقلىرى بۇ ئېسىل سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاشنى تەخىرسىز مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇپ، پىلانلىق، تەشكىللىك، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا توپلاپ، رەتلەپ نەشر قىلىشى كېرەك. قۇمۇل ۋىلايىتى توپلاپ رەتلىگەن «قۇمۇل 12 مۇقامى» ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ، كلاسسىك سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەشتىكى ئۆرنەك خاراكتېرلىك بىر ياخشى باشلىنىش!

«12 مۇقام»نىڭ شېئىرىي تېكىستلىرىگە «غېرىب - سەنەم»، «يۇسۇف - ئەھمەد»، «سەنۇبەر»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «يۇسۇف - زۇلەيخا» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن شېئىرىي پارچىلار، ئەينى زاماننىڭ شېئىرىيەت نەمۇنىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كۆپ ساندىكى مۇقام تېكىستلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، چىن مۇھەببەت كۈيلەنگەن. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن خۇلاسىلىنىپ، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت مەدھىيىلەنگەن. «12 مۇقام»غا كىرگۈزۈلگەن خەلق داستانلىرى ۋە قوشاقلىرىدا ياخشىلىق يامانلىق ئۈستىدىن، ھەققانىيەت رەزىللىك ئۈستىدىن، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

گەرچە «12 مۇقام» تېكىستلىرىدە فېئوداللىزمغا قارشى دېموكراتىك ۋە خەلقپەرۋەر ئىدىيىلەرنىڭ شېئىرىي ئىپادىسى بولسىمۇ، لېكىن مۇقام تېكىستلىرى يەنىلا فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن قىسمەن تېكىستلەردە ئىدىئالىستىك تارىخىي قاراشلار ۋە پاسسىپ ئىدىيىلەر، دىنىي خۇراپاتلىق، ئۈمىدسىزلىك ۋە تەركىي دۇنياچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ساقلانغان. مۇقام تېكىستلىرى فېئوداللىق دەۋردىكى تارىخىي رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، ئىدېئولوگىيە شەكلىنى ئالغان بولۇپ ھامان روشەن سىنىپىيلىككە ۋە ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىيە ئىگە. ئۇنىڭدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلغار، دېموكراتىك ئىدىيىلىرى بار. بىز ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشىمىز، «12 مۇقام»غا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تەكىتلىگىنىمىزدە، مۇقام تېكىستلىرىگە تەنقىدىي قارىشىمىز، سەلبىي - ئەھمىيەتسىزلىشىپ تۇرغان، خۇراپاتلىق، چۈشكۈنلۈك، تەركىي دۇنياچىلىق تەرغىب قىلىنغان، چۈشىنىكسىز، مەزمۇنى تەكرار بەزى تېكىستلەرنى مۇقامنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي سەنئەت جەۋھىرىگە دەخلى يەتكۈزمىگەن شەرت ئاستىدا دادىل ئىسلاھ قىلىشىمىز، تەنقىدىي قاراش ئاساسىدا كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىپ ۋە ئىجاد قىلىپ، شەكلى مىللىي، مەزمۇنى زامانىۋى مۇقام سەنئىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك.

«12 مۇقام»نى توپلاش، رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش بىلەن تەتقىق قىلىش بىر - بىرىگە ئورگانىك باغلانغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي، بەدىئىي مىراسى، ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىلىرىنىڭ ئانىسى بولغان «12 مۇقام»نى ئىلمىي ئاساستا كۆپ تەرەپلىمە، ياخشى تەتقىق قىلغاندىلا، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى، ناخشىچىلىقى، ئۇسسۇلچىلىقىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرگىلى، ئىزاھلىغىلى ۋە ئۇنى ئۈنۈملۈك ھالدا سوتسىيالىستىك دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

«12 مۇقام» مۇزىكا جەھەتتە يۈرۈشلەشكەن، قېلىپلاشقان، مۇكەممەل سىستېمىغا ئايلانغان ئالاھىدە سەنئەت تۈرى سۈپىتىدە «مۇقام ھادىسىسى» دېگەن نام بىلەن ئېلىمىزدە

مىزدە ۋە دۇنيادا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. دۆلىتىمىزدە، ئاساسلىقى شىنجاڭدا «12 مۇقام» تەتقىقاتى بويىچە ئىقتىدارلىق، قابىل تەتقىقاتچىلار قوشۇنى مەيدانغا كېلىپ، مۇقام تەتقىقاتى بويىچە يېڭى بىر پەن شەكىللەنمەكتە. پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يازغان «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»، مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جۇجېڭباۋ يازغان «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى»، مۇقام تەتقىقاتچىسى، كومپوزىتور ئەمەتجان ئەھمىدى يازغان «ئۇيغۇر مۇقاملىرى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي كىتابلار بىلەن مۇقام تەتقىقاتىغا ئائىت يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بىر تۈركۈم نادىر ماقالىلەر نەشر قىلىنىپ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. لېكىن غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى، پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن كاتتا بەدىئىي قامۇس «12 مۇقام»غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇقام تەتقىقاتىدىكى نۇرغۇن ئىلمىي مەسىلىلەر تېخى ئېچىلمىغان سىر ھالىتىدە تۇرماقتا. بىز مۇقام تەتقىقاتىنى تىرىشىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت، تەتقىقات خادىملىرى ئۆزئارا زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزگە خاس كەسپىي ئالاھىدىلىكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇقام تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، مۇقام تەتقىقاتى جەريانىدا خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان توغرا لىنىيىلىك ئىلىم، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىمىز، تەتقىقاتتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، چەت ئەللەردىكى مۇقامغا ئائىت ماتېرىياللارنى تىرىشىپ توپلاپ، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز، خەلقئارادىكى ھەر خىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ مۇقام تەتقىقاتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

«12 مۇقام»غا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشتا ۋارىسلىق قىلىش ھامان ئاساستۇر. تەرەققىيات — يېڭىلىق ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا ئاساسنى — يىلتىزنى ئۇنتۇماسلىق، ئەنئەنىنى يوقاتماسلىق كېرەك. «12 مۇقام»غا تولۇق، توغرا، ئومۇمىيۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىش ۋە شۇ ئاساستا «12 مۇقام»نى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدا تارىخنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن «12 مۇقام»نى كەڭ ئاممىغا بولۇپمۇ كەڭ ياشلارغا ئومۇملاشتۇرۇش بەكمۇ مۇھىم. بىز «12 مۇقام»نى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئەۋزەل شەرت - شارائىتىغا ئىگە. شىنجاڭدا 100 گە يېقىن سەنئەت ئۆمىكى بار. بۇ ئۆمەكلەردە «12 مۇقام» ۋە يەرلىك مۇقاملارنى ئۆگىنىش، ئورۇنداش، مۇقاملاردىن پايدىلىنىپ ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. ياشلار ئارىسىدا «12 مۇقام»نى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىش كېرەك. ئۈن - سىن قوراللىرى ۋە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق مۇقامنى، مۇقامنىڭ ئۈن - سىن لېنتىلىرىنى كەڭ تارقىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش، پائال تۈردە مۇقام سەنئەت بايرىمى، ھەر خىل كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرەكلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مۇقامنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈزلەندۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ھەتتا ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرگىچە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. «12 مۇقام» كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغاندىلا ئۇنىڭغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغىلى، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۈنۈملۈك راۋاجلاندۇرغىلى، يېڭىلىق ياراتقىلى بولىدۇ.

1992 - يىل نويابىر، بېيجىڭ. 1993 - يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.





# شەيتان ئەينىكى

(هېكايە)

خالىدە ئىسرائىل

كۆكۆللۈك ئەمما بەكمۇ قىسقا يەكشەنبە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يېڭى بىر ھەپتىنى تۇر-مۇشتا تەرتىپلىك، تەلەپچان كىشىلەرگە ئوخشاش تىتىك، جۇشقۇن ھالدا كۈتۈ-ۋالدى. يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئىشلەيدىغان، تېلېفونلار توختىماي جىرىڭلاپ تۇرىدىغان بۇ بەش قەۋەتلىك بىنا ئۇنىڭ قورغىنى، قوماندانلىق شتابى. ئۇ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ھەشەمەتلىك ئىشخا-نىسىدا ئولتۇرۇپ پۈتۈن بىناغا، بۇ بىناغا تۇتىشىدىغان نۇرغۇن ئاساسىي قاتلام ئو-رۇنلارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى قابىل رەھبەر دەپ ھېسابلايدۇ ھەم ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدۇ. شۇ تاپتا — ئەتىگەن سائەت 8 گە 3 مىنۇت قالغاندا، 47 ياشلىق بۇ قابىل رەھبەر چەبدەس قە-دەملەر بىلەن ئۆزۈن كارىدورنى بويلاپ

كېتىپ باراتتى. ئۇ، ئېگىز، قاۋۇل بەستىگە
چەپپىدە كېلىدىغان قارا رەڭلىك كاستۇم-
بۇرۇلكا كىيىپ، شالاڭ سۇس يوللۇق جە-
گەر رەڭ گالستۇك تاقىۋالغانىدى. كار-
دوردا ئۇچرىغان خىزمەتچىلەر ئۇنىڭغا ھۆر-
مەت بىلەن سالام قىلىشاتتى، ئاياللار ئۇ-
نىڭغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى، ئۇ بولسا
ئۇلارنىڭ سالىمىغا سەلگىنە سۇر بىلەن
ئەستايىدىل جاۋاب قايتۇراتتى.

تېلېفون بېرىش ئۇنىڭ ئىشخانىغا كىر-
گەندىن كېيىن تۇنجى قىلىدىغان ئىشى
ئىدى. ئۇ ھەر خىل تېلېفونلاردىن پايدى-
لىنىشقا ماھىر ئىدى. تېلېفون بېرىش ۋاقتى-
غىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ
قول ئاستىدىكىلەر، ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم مۇنا-
سىۋىتى بار كىشىلەر ئىشخانىغا كىرىشى
بىلەنلا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايتتى. ئۇ ئۇلاردىن
ئۆزى تاپشۇرغان ئىشلارنىڭ ئورۇندىلىش
ئەھۋالىنى سورايتتى، ئۇلار بىلەن پىكىر
ئالماشتۇراتتى، يوليورۇق، مەسلىھەت بې-
رەتتى، شۇڭا ئۇ تېلېفوننى ئالغاندا ئىز-
دىگەن ئادىمى چىقماي قالمايتتى. تېلېفون-
نى قويۇپلا گېزىتلەرگە تېزلىك بىلەن كۆز
يۈگۈرتەتتى، مۇھىم خەۋەرلەر بىلەن ئۆزىنى
ئالاھىدە قىزىقتۇرغان خەۋەرلەرنى تەپسى-
لىي ئوقۇپ چىقاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي تۇر-
لۇك ھۆججەت، دوكلات، تالونلارنى كۆتۈ-
رۈپ كاتىپى، ئىشخانا مۇدىرى ياكى مۇھىم
ئىشى بار بىرەرسى كىرىپ كېلەتتى. بىر
كۈنلۈك خىزمەت ئەنە شۇنداق باشلىنىپ
كېتەتتى.

ئۇ تېخى تېلېفونلىرىنى بېرىپ بولال-
مىغانىدى، ئىشىك تۇيۇقسىز يوغان ئېچى-
لىپ كەتتى. ئىشىكتىن ئالدى بىلەن سۇ-
پۇرگە بىلەن پول سۈرتكۈچ، ئارقىدىن يۆ-
چۈنلا بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئايال
سالام ئورنىدا ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىدا

كۈلدى ۋە قولىدىكى نەرسىلەرنى پەگاغا
تاشلاپ قويۇپ پۈتۈن بىر تامنى ئىگىلەپ
ئىشخانىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇرغان پەر-
دىلەرنى شارتىدا قايرىپ ئېچىۋەتتى. لىق
توشۇپ كەتكەن سىم سېۋەت بىلەن كۈل-
دانىنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، ماتا
بىلەن، يۇزىگە يوغان ئەينەك ياتقۇزۇل-
غان ئۈستەلنى، قەلەمدان، سىياھ قۇتىلىرىنى،
تەكچىلەرنى چاققانلىق بىلەن سۈرتۈشكە
باشلىدى.

ئۇ، ئايالغا تەئەججۈپ ئىچىدە سوغۇق-
قىنە نەزەر تاشلىدى. ئۇ 30 ياشلار ئەت-
راپىدىكى، تولۇق كەلگەن چىرايى ئادەت-
تىكىچىلا ئايال ئىدى. قىسقا بۇدرە چې-
چىنى قىپقىزىل بويىۋالغانىدى. سىپىسدام
قاش ئورنىنى تاشلاپ سەل يۇقىرىدىن
چېكىسىگە قارىتىپ قاشلىق ئەتكەن، قاپاق
لىرى بىلەن لەۋلىرىنىمۇ راسا بويىغانىدى
بىراق قاملاشتۇرالمىغانلىقتىنمۇ ياكى باشقا
سەۋەبتىنمۇ لەۋلىرىدىكى گىرىم سۇۋۇشۇپ
كېتىپ ئاغزىنى يېگەن نەرسىسىنى ئاغزى-
بۇرنىغا سۇۋۇۋالغان كىچىك بالىنىڭ ئاغ-
زىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ھەممىدىن
غەلىتە يېرى، ئۇچىسىغا تار كەلگەنلىكتىن
تارسىسىدە يېرىلىپ كېتەيلا دەپ
تۇرىدىغان كوپتا كىيىۋالغانىدى. كوپتى-
سىنىڭ تارتىشىپ، ئېچىلىپ تۇرىدىغان
پەشلىرى ئارىسىدىن ئانچە پاكىز ئەمەس
ئىچ كۆڭلىكى، ئىچ كۆڭلىكىنىڭ يوغان
ئويمىسىدىن تىقىلىپ تۇرغان كۆكسىنىڭ
يۇقىرى تەرىپى چالا - بۇلا كۆرۈنۈپ
تۇراتتى.

ئىلگىرىكى خەنزۇ ئايال داۋاملىق ئۇزۇن
كۆك خالات، لاتا خەي كىيىپ يۈرەتتى،
بەزى - بەزىدە بىرەر ئىشقا خاپا بولۇپ
قالسا، بەك ئۇنلۇك، بەك تولا سۆزلەپ
ئادەمنى بىزار قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ھېسابقا

ئالمىغاندا، ھېچقانداق ئارتۇقچە قىلىقى يوق ئىدى. بىراق، ماۋۇسى ھېچ كۆزگە سىغمايدۇ، خۇددى كوچىدىنلا كەلگەندەك...

ئۇ، دېرىزە ئالدىغا بېرىپ سىرتقا نەزەر سالغاچ تاماكا چېكىپ بىردەم تۇردى. ئايال پولنى سۈرتۈپ بولۇپ، ئورۇندۇقلارنى جايى - جايىغا قويۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا بېرىپ تېلېفوننى قولىغا ئالدى:

- ۋەي، مەمۇرىي ئىشلار باشقارمىسىما؟ ئابدۇللامۇسىز! تازا بىر سەتەڭنى تېپىپسىز - دە، نەدىنمۇ تاپقانسىز! ھېلىقى تازىلىق ئىشچىسىنى دەيمىنا. ئورنىغا تۈزۈكرەك بىرسىنى ئالماشتۇرۇشقا بولماسمىدى!

ئۇ، تېلېفوندىن ئابدۇللانىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنىنى ئاڭلىدى:

— ھە، مەستۇرەنى دەمسىز؟ ھېچقىسى يوق، كۆنۈپ قالىسىز، پات - پات يەڭگۈشلەپ تۇرغانىنىڭ پايدىسى بار دەيمەن. ھېلىقى قېرى تەتەيدىن زېرىكىپمۇ قالغان بولغىيدىڭىز؟ ھە راست، ئەسكەرتىپ قوياي، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇ ئايالنى ئىشلىشنى ئۆزىڭىز تەستىقلىغان. تېخى بىر ئايمۇ بولمىدى. دوكلاتنى ئالدىڭىزغا مەن ئۆزۈم ئەكىرگەن ...

بۇ ئابدۇللانىزە! ئاغزى شۇنداق يامان، ھېچكىمدىن، ھېچنېمىدىن ھېيىقمايدۇ. ھەرقانداق ئىشنى كۈلكە - چاقچاققا ئايلاندۇرالايدۇ. كېچە - كۈندۈز كۈپۈلدەپ ھارلىق پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان ئاغزىدىن چىققان ھەرقانداق گەپ خوتۇن خەققە مۇناسىۋەتلىك بولماي قالمايدۇ. شۇ تەرەپلىرى بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ بەلكىم ئىدارە باشلىقلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق ئورۇنلارغا چىققان بولاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭدا قابىلىيەت، پەم-پاراسەت (ھىيلە - مىكىر) دېگەن يەتكۈچە بار. پېنسىيىگە چىققان ئابرويلۇق قېيىن ئاتىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، يۇقىرى قاتلامدىكى ئاساسىمۇ خېلى كۈچلۈك. شۇغىنىسى تەسىرگە دىققەت قىلمايدۇ. ئاغزى بوش. ئۆزى ئۇزاققىچە بىر ئورۇندا تۇرۇپ قالغاچقىمىكىن، ئۆسۈپ كەتكەنلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئۇلارنىڭ ئابرويىنى چۈشۈرۈشكە، ئۇلارنى پۇتلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئىلگىرىكى ئىدارە باشلىقى مۇشۇ ئابدۇللانىڭ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ بېرىشى نەتىجىسىدە ئۆرۈلگەن. شۇڭا، ئۇ ئىدارە باشلىقى بولغاندىن تارتىپ ئابدۇللا بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلاشقا، ئۇنىڭغا دەستەك تېپىپ بەرمەسلىككە تىرىشتى. كۆڭلىدە بولسا، ئۇنى كۆزدىن يىراق قىلىشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتۈپ كەلدى. مۇنداق پۇرسەتنىڭ قاچان كېلىشى كېيىنكى ئىش، شۇ تاپتا ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ئابدۇللا: «ئۆزىڭىز تەستىقلىغان» دېگەن ھېلىقى ئىشنى ئېسىگە ئېلىشقا ئۇرۇنىۋاتاتتى. توغرا، شۇنداق بىر ئىش بولغان، بۇ ئايال ئىلگىرى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر - بىرىدىن كىچىك تۆت بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر قېتىم كىرگەن. بىراق ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك ئەمەس ئىدى، كۆزگە چېلىقمايدىغان ئاددىيلا ئائىلە ئايالى ئىدى. ئۇنىڭ ئېرىمۇ كىرىپ ئۇنىڭغا ئەھۋال ئېيتقان. ئۇ، مۇشۇ ئىدارىنىڭ پار قازان ئىشچىسى، ئېگىز بوي، قاراماتاق ئادەم. ئۇزۇن بۇرۇتى ھەيۋەتلىك ھالدا يۇقىرىغا قايرىلغان. كىرلىشىپ پارقىراپ كەتكەن شىمىنىڭ ئارقىسىدا يوغان تۈچ غىلاپلىق يېڭىسار پىچىقى ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلە كىرىمى ئاز. بولۇپمۇ مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئالتە جان

ئادەمنى ئۇنىڭ 260 يۈەن ماگاشىغا تا-
پىنىپ جان باقسەن دەپ تاشلاپ قويغىلى
بولامدۇ. مۇنداق چوڭ ئىدارە ئۈچۈن
ئۇنىڭدەك بىر ئايالنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھېچ-
قانچە گەپ ئەمەس. ئۇنىڭسىزمۇ، يېقىنقى
بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا ھەر خىل يوللار
بىلەن ئورۇنلىشىپ كەتكەنلەر ئازمۇ. ئىل-
گىرى بەش ئادەم قىلغان ئىشنى ھازىر
15 ئادەم قىلىدۇ. ھەممە تارماق، باشقارما،
بۆلۈم-ئىشخانىلار ئادەمگە لىقمۇ لىق تو-
شۇپ كەتكەن. شۇنىڭغا قارىماي كىشىلەر-
نىڭ ئورۇنلىشىۋاتقىنى ئورۇنلىشىۋالتقان. ئۇ،
بۇنىڭغا ئامالسىز. بۇنى تۇسۇش ئۇنىڭلا
ئەمەس، ئۇنىڭدىن چوڭراق باشلىقنىڭمۇ
قولىدىن كەلمەيدۇ.

مەستۇرە چىقىپ كېتىشىگىلا ئىشىك چې-
كىلدى، ئارقىدىنلا قىيا ئېچىلىپ ئىشىك
تۈۋىدە بىر ئايالنىڭ قارىسى كۆرۈندى.
يەنە بىر ئايال! پوزۇر ياسانغان، گىرىم-
نىمۇ خېلى قاملاشتۇرۇپ قىلغان 45 — 46
ياشلاردىكى ئايال ئىدى.

— كىرىڭ، كىرىۋېرىڭ، بىرەر ئىشىڭىز
بارمىدى؟

— ۋاي، مېنى تونۇمىدىڭ... تونۇمىدى-
ڭىزمۇ؟ مەن رەشىدە ئەمەسمۇ، ساگا... سىزگە
خەتمۇ يازغان ئىدۇققۇ؟ تەگمەپتۇ-دە ... ؟

ئۇ، رەشىدەنىڭ بۇگۈنكى كۈندە، مۇن-
داق ئەتىگەندىلا كىرىپ كېلىشىنى زادىلا
ئويلىمىغانىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ يۆتكىلىش
ئىشىنى ئۆزى تۇتۇپ ھەل قىلغان، ئۇلار-
نىڭ مىننەتدارلىقىغا تولغان خېتىنى ئالل-
قاچان تاپشۇرۇۋېلىپ، پات ئارىدا ئۇرۇم-
چىگە يولغا چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپ-
قان بولسىمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ، رەشى-
دەنىڭ مۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى
نەدىن بىلسۇن.

— رەشىدە؟ ھە، ھە، تونۇدۇم، تونۇدۇم!
ئۆزگىرىپ كېتىپسەن... كېتىپسىز، جىق
ئۆزگىرىپ كېتىپسىز. مەن بايا راستىنلا
تونۇيالماي قاپتىمەن. ھەي، ھەش-پەش
دېگۈچە قانچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى-ھە!
سەن... سىز ئۇ چاغدا تال چىۋىقتەك
زىلۋا قىز ئىدىڭىز... ھە، ئابلىزچۇ؟ ئۇ
نېمىشقا بىللە كەلمىدى؟ بالا قانچە؟ ۋۇي،
ماۋۇ ئىشنى، ئولتۇرۇڭمۇ دېمەپتىمەنا! ئول-
تۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ. ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى.
ھازىرلا ئۆيگە باشلاپ بارامدىم يا؟

ئۇلار ئىشخانىدا خېلى ئۇزاق پاراڭلى-
شىپ ئولتۇرۇشتى. يېشىنىڭ خېلى يەرلەر-
گە بېرىپ قالغىنىغا قارىماي، ئۆزىنى تاش-
لىۋەتمىگەن، سولۇشۇشقا باشلىغان ھۆسنى-
نىڭ ياشلىق گۈزەللىكىنى تېخى خېلىلا
ساقلاپ قالغان رەشىدە ئۆزىگە ئانچە
ياراشماس بولۇپ قالغان قىز ۋاقىتلىرى-
دىكى ناز-خۇلقلىرىنى ئىشقا سالغاچ ئەر ـ
ئايال ئىككىسىنىڭ تۆۋەندە شۇنچە يىل
تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىشلەپمۇ تۈزۈككىرەك
ئورۇنغا ئىگە بولالمىغانلىقى، بالىلىرىمۇ
كىچىك يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە كۆڭۈل-
دىكىدەك تەربىيە ئالالمىغانلىقى، ئاشۇ
بالىلىرىنىڭ ئىستىقبالى ھەم ئاتا-ئانى-
لىرىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىنى نەزەردە
تۇتۇپ ئۆز يۇرت تەرەپكىرەك كېلىۋېلىش-
نى نەقەدەر ئارزۇ قىلىشقانلىقلىرىنى، يۆت-
كىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندا
ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىدىن يىغلاپ كەتكىنىنى
ئىنتايىن تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى.
ئاخىرىدا:

— سەن بولمىغان بولساڭ، ئۆمرى-
مىز ئۇشۇ توپىلاڭ شەلىدە ئۆتۈپ كېتەت-
تى. شۇڭا سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى ئۆلگىچە
ئۇنتۇمايمىز، خۇدا نېسىپ قىلسا، بىزمۇ
لايىقىدا خىزمىتىڭدە بولارمىز... —
دېدى.

ئۇ، رەشىدەنىڭ قىپقىزىل بويىۋالغان كالپۇكلىرىنىڭ تېز - تېز ئېچىلىپ - يېپىلىشىغا، ئاغزىغا لىق توشقان ئالتۇن چىشلىرىغا، سۆزلىگەندە توختىماي لىپىلداپ تۇرىدىغان قوش ئېڭىكىگە ئىچ ئاغرىتىشتەك بىر خىل ھېسسىيات ئىچىدە جىمىدە قاراپ ئولتۇردى. ئىچىدە بولسا، ئۆزىگە شۇ قەدەر تونۇش ھەم شۇ قەدەر يوچۇن بۇ چىراي ئالدىدا ئۆزىنىڭ سوغۇققانلىق بىلەن جىمىدە ئولتۇرغىنىغا ھەيران ئىدى.

— ئالدىرىماي ئورۇنلىشىۋېلىڭلار، قانداق قىيىنچىلىقىڭلار بولسا قىسىلماي كېلىپ ماڭا دەڭلار، نېمىلا دېگەن بىلەن، بىز دېگەن يېقىن ساۋاقداشلار - دە. ئابلىز قاچان قايتىدۇ؟ رەنا ئىككىمىز سىلەرنى چوقۇم يوقلاپ بارىمىز.

رەشىدەنىڭ ئالدىراپ چىقىپ كەتكۈسى يوقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدە، لەۋلىرىنىڭ ئۇچىدا سۆز بىلەن ئىزھار قىلىش كەتمەيدىغان بىر نەرسە بارئىدى. قىز ۋاقىتلىرىدىكىدەك بېشىنى سەل سىڭايان قىلىپ، خۇمارلىق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى:

— توۋا، توۋا، بىز دېگەن مانا قېرىپلا كېتتۇق. سەن تېخىچە مەكتەپ مەيدانىدا توپ تېپىپ يۈرگەن چاغلىرىڭدەكلا تۇرۇپسەن. ياق، ئۇنىڭدىنمۇ... كېلىشكەن، سۆلەتلىك بولۇپ كېتىپسەن. قانداق قىلىمىز، جەمئىيەت دېگەن باشقا گەپكەن، مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدا ياخشى - يامانىنى ئانچە پەرق ئېتىپ كېتەلمەيدىكەنمىز، پەرق ئەتكەن بولسا... نېمە دېسەك دېگىن، مەن مەكتەپتىكى ۋاقىتلىرىمىزنى زادى ئۇنتالمىدىم. ئۇ كۈنلەر ماڭا ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك كۈنلەردەك تۇيۇلىدۇ...

بۇ كۆرۈشۈشتىن ئۇ قىلچە خۇشال بولمىدى، ئەكسىچە كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى. بۇ غەشلىكتىن كەچكىچە قۇتۇلالمىدى. شۇنچە غورۇرلۇق، شوخ، ئەركىن بىر قىزنىڭ قانداقلارچە ئادەتتىكىچە، چاكىنا بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېچ ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. ئوقۇغۇچىلىق ۋاقىتلىرىدا ئۇ رەشىدەگە بېغىشلاپ شېئىرلارنى يازغان، ئۇنىڭ ئىشقى پىراقىدا تالاي كېچىلەرنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزگەن. رەشىدە ئۇنى رەت قىلىپ ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئابلىز بىلەن يۈرگەندىن كېيىنمۇ، ھەتتا ئۇلار توي قىلىپ بالا - چاقىلىق بولۇپ كەتكىچىمۇ ئۇنىڭدىن كۆڭۈل رىشتىنى ئۈزەلمىگەن. رەشىدە ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى نۇرلۇق ئاي ئىدى، ئۇنىڭغا كۆز يەتسە يېتەتتىكى، قول يەتمەيتتى. تىمگەندە ئۇ نۇرلۇق ئاي پۇچۇلانغان، بۇلغانغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ، يىرگىنىشكىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل غەلىتە ھېسسىيات قالدى.

خوتۇن خەق دېگەنزە... بەربىر خوتۇن خەقلىكىنى قىلماي قويمايدىكەن. مەيلى ئۇ ھېلىقى تازىلىق ئىشچىسى مەستۇرەگە ئوخشاش چالا ساۋات ئائىلە ئايالى بولسۇن ياكى ئالىي مەلۇماتلىق، ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇپ كەتسۇن...

ئۇ، شوپۇرنى قايتۇرۇۋېتىپ ئۆيىگە پىيادە قايتتى. يول بەلكىم ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھەممە ناپاك ئويلارنى، غەشلىكلەرنى ئۇنتۇلدۇرار. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن مۇقەددەس بولغان ئائىلىسىگە ئۇلارنى بىللە ئېلىپ كىرىشنى خالىمايتتى. ئۇ ئائىلىسىنى، ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىنى قەدىرلەيتتى. بۇ ھەم ئۇنىڭ كىشىلەرگە باھا بېرىشتىكى مۇھىم ئۆلچىمى ئىدى. بۇنى

ئورۇندىيالمىغان كىشىلەر ئۇنىڭ نەزەرىدە ھەقىقىي مەسئۇلىيەتچان ئەركەك ھېسابلانمايتتى.

ئۇ، سەرەمجان، ئازادە ھەم كۆڭۈللۈك ئائىلىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى، ئىختىيارسىز قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى. ئۇنىڭغا ئىشىكنى كىم ئېچىپ بېرەركىن؟ چوقۇم مېھرىبان! ئۇ، قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن: «كەچ قالدىڭىزغۇ دادا، چارچىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: «ياق، قىزىم» دەپ قىزىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيىدۇ. ئۇ، يۇيۇنۇپ تەييار بولغىچە قىزى داستىخانغا ئۇنىڭ كەچلىك تامىقىنى ئەكىلىدۇ. بۈگۈن نېمە تاماق ئەتتىكىنە؟ لەغمەنمىدۇ؟ چۆچۈرىمىكىن يە... ئۇ، تاماقتىن كېيىن ھۇجرىسىدا يانپاشلاپ يېتىپ «تىرىلىش» نى ئوقۇيدۇ. ئۇ، ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىدا ئوقۇغان بۇ كىتابنى يېقىندا يەنە قايتا ئوقۇشقا باشلىدى. ئايالى ئۇنىڭ ئەتە كىيىدىغان كىيىملىرىگە دەزمال سالىدۇ. ئوغلى بىلەن قىزى ئەنگلىيىنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرىدۇ. ھايات ئەنە شۇ تەرزدە داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭ ئۆزى بەخت. ئۇ، زىلۋا بوي، بۇغداي ئۆڭ، چوڭ-چوڭ قارا كۆزلۈك، ياسىنىشقىمۇ، ئۆي تۇتۇشقىمۇ قالتىس ئېپى بار ئايالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە ئىختىيارسىز يەنە بىر قېتىم كۈلۈمسىرىدى ۋە كۆڭلىدە رەشىدە بىلەن توي قىلىپ قالمىغىنىغا خۇشال بولدى.

* * *

رەشىدەلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا ئورۇنلاشتى. ئۇ، ئايالى بىلەن بىرلىكتە بېرىپ ئۇلارنى يوقلىدى، ئۆيىگىمۇ چاقىرىۋالدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ ئىشلارمۇ پەسكويغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئالدىدا نامايەن بولغان ھەر بىر كۈن يېڭى ئىش، يېڭى مەزمۇنلار بىلەن لىق تولۇپ تۇراتتى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىچىدە خۇشاللىقمۇ، خاپىلىقمۇ؛ ئەندىشىمۇ، سەۋر-تاقەتمۇ؛ بىزارلىقمۇ، ئارزۇ-ئۈمىدمۇ بار ئىدى. يېڭىدىن ئىش باشلىغان مەركىزىي بىنا قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزىلا ناھايىتى كۆپ ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچ تەلەپ قىلاتتى. شەكلى، كۆرۈنۈشىدىنلا ئەمەس، سۈپىتى، شارائىتى جەھەتتىنمۇ شەھەر بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، ئىشخانا، قەھۋەخانا، تانسىخانا، رېستۇران، ماگىزىن، سۇنئىي تاغ ۋە فونتان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور بىرلەشمە بىنا ئىدى. ھەممە ئىشخانا، بۆلۈملەردە، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا ئۇ ھەقتە پاراڭ قاينايتتى.

ئۇ، ئورۇندۇقىغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا دائىر ئۇزۇن بىر پارچە دوكلاتنى كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ، بۇ دوكلاتنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ، دۈشەنبە كۈنى يىغىندا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنى دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئىشىك ئېچىلدى. بېشىنى كۆتۈرمەيلا ئۇ كىرگۈچىنىڭ ئىشخانا تازىلايدىغان ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. توغرا، بۈگۈن شەنبە، چۈشتىن كېيىن ئىدارە بويىچە چوڭ تازىلىق. بىراق، ماۋۇ خوتۇنمىزە، داۋاملىق بىمەنە ۋاقىتتا كىرىپ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلىدۇ. ئىلگىرىكى ئايال قانداق قىلاتتىكىنە؟ توغرا، ئۇمۇ خالىغان ۋاقىتتا كىرەتتى، ئەمما خۇددى بىر پارچە تاماكا تۈتۈنىدەك، سايىدەك، ئەزەلدىن ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمايتتى. ئۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئىشخانىدا بار-يوقلۇقىنى سەزمەيلا قالاتتى. ماۋۇ خوتۇن ئىشىكتىن كىرىپ بولغىچە ئۇپا-ئەڭلىك پۇراقلىرى ئىشخانىنى

بىر ئالىدۇ. خۇددى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى جاكارلىماقچى بولغاندەك قەستەن تاراق - تۇراق ئاۋاز چىقىرىپ قويىدۇ، خۇشى تۇتۇپ كەتسە غىدىڭشىپ ناخشىمۇ ئېيتىدۇ. تېلېۋىزوردىكى كىيىم مودېللىرىنى دوراپ ساغرىسىنى غەلىتە تولغاپ مېڭىپ كېتىشلىرىچۇ تېخى.

ئۇ، ئادىتى بويىچە ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا بېرىپ تاماكا يۆگەشكە باشلىدى. دېرىزىدىن گۈللۈك، سۇيى قۇرۇپ قالغان سېمونت كۆلچەك، كۆلچەك بىلەن گۈللۈكنىڭ ئارىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ چوڭ دەرۋازىغا سوزۇلغان سېمونت يول كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يان تەرەپتىن دائىرە ئىچىگە ئېلىنغان قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ بىر بۇرجىكى كۆزگە تاشلىناتتى.

ماۋۇ بىنا پۈتسە، تازىلىق ئىشچىسىنى چوقۇم يەڭگۈشلىۋەتمەي بولمايدۇ. مۇنداق ساڭگۇل - سۇڭگۇل ئايال ئۇ بىنالارغا ياراشمايدۇ، قەتئىي ياراشمايدۇ. ئۇ مۇشۇ يەردە قېلىپ مەمۇرىيەتنىڭ، توغرا، ئابدۇللانىڭ ئىشخانىسىنى تازىلىسۇن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئويىدىن مەمنۇن بولۇپ مىيىقىدا كۈلدى.

ئايال بەخىرامان غىڭشىپ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى.

ئۇ، كۈلۈمسىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى ۋە سالاپەت بىلەن ئاستا كەينىگە بۇرۇلدى.

ئايال ئېڭىشىپ لاتا يۇيۇۋاتاتتى. ئەسلىدىلا قىسقا كۆڭلىكى ساغرىسىغىلا چىقىپ قالغانىدى. ئىچ كۆڭلىكىنىڭ چىلتىكى، يايپاقسىز پاچاقلىرى، ئاپئاق، ئىنچىكە تومۇرلىرىغىچە بىلىنىپ تۇرىدىغان سېمىز يوتىسى ھاياسىزلىق بىلەن ئېچىلىپ تۇراتتى. ئايال سەل ئۆرە بولۇپ لاتىنى سىقتى. مەرۋايىتتەك سۇ تامچىلىرى ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرىدىغان بېجىرىم پاچاقلىرىغا، ھېلىلا يۇيۇلغان نەم يەرگە چاچرىدى... ئۇ، ئايالنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئىتتىك ئارقىسىغا بۇرۇلدى، كۆزى يەنە دېرىزىگە، دېرىزىدىن گۈللۈككە ئاغدى. بىراق خىيالى يەنىلا بايىقى كۆرۈنۈشتە ئىدى. ئايالنىڭ ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس، شۇنداق تۈپتۈز، چىرايلىق پاچاقلىرى، مەرمەردەك سۈزۈك، ئاپئاق يوتىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى. ئۇ ئىختىيارسىز رەنانىڭ ئىنچىكە، قارامتۇل پاچاقلىرىنى، ئورۇق ھەم سىلىق يوتىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ ئويلىرىغا، بۇ سېلىشتۇرۇشقا غەزىپى كەلدى. نېمىشقىدۇر كۆڭلى غەش بولۇپ، ئۈستەلگە مۇشتلاپ ۋارقىرىغۇسى، ئايالنى تازا تىللاپ ئىشخانىدىن قوغلاپ چىقارغۇسى كەلدى. ئەمما ئۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى.

ئۇ بىر بۇزۇق ئايال. ئىسمى مەستۈرە، تېخى. ئىدارىدىكى ساياق ياشلارنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلىمەيدىغىنى يوق. ئۇ، كارىدوردا، ئىشخانىلاردا ئۇلار بىلەن كەلسە - كەلمەس چاقچاقلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان بەزى گەپلەرنى ئەر كىشىلەرمۇ قىلالمايدۇ. ئۇ، ئاشۇنداق ئىشلاردىن، ئاشۇ كىشىلەردىن نەپرەتلىنەتتىغۇ، قانداقلارچە مۇشۇ كۈنگىچە چىداپ كەلدى؟

— پاھ، جۇيجاڭنىڭ ئىشخانىسى پارقىراپلا كېتىپتىغۇ! ۋوي، نېمە بولدىڭىزوي جۇيجاڭ، نېمە كىچىك بالىدەك بۇتناپ دېرىزىگە قارىۋالدىڭىز؟

ئىدارە بويىچە پەقەت رەشىدەلا ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق ئەركىن چاقچاقلىشالايدۇ (ئەلۋەتتە، ئابدۇللانى ھېسابقا ئالمىغاندا).

ئۇنىڭ مۇلداق چاقچاقلىرى بەزىدە ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرسە، بەزىدە چىڭ تارتىلىپ ئۈزۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان نېرۋا تالالىرىنى بوشىتىپ، كىشىگە ئاز - تولا ئارامىمۇ بېغىشلايدۇ. بۈگۈن ئۇ ئۇششاق چېكىت گۈللۈك، ياقىسى بىلەن يەڭلىرىگە ئاق تور تۇتۇلغان قىزىل شىپۇك كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، بۇ كۆڭلەك ئۇنى يېشىدىن خېلىلا كىچىك كۆرسەتەتتى. بۇدرە قىلدۇرۇپ ئارقىسىدىن بىر تال قىلىپ بوغىۋالغان قاپقارا چېچى (بويالغان) ئاپئاق، دۆڭ پېشانىسىنى، قىرلىق بۇرنىنى، ئويۇپ ياسىغاندەك چىرايلىق ئېڭەكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ، بىر قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئىشىك سۇرتۇۋاتقان مەستۇرەگە قاراپ - قاراپ، قولىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ماگنىتلىق ئىستاكاننى ئىنتىكلا ئۈستەلگە تىزىپ قويىدى.

— ئىشچىلار ئۆي-ۇشىسى ھەممىمىزگە بىردىن تارقاتقانىدى، ماۋۇ بىرسى ئارتۇق ئىكەن دېگىنە، قاراپ تۇرسام ھەممىسىنىڭ ئېلىۋالغۇسى بار. رەنانىڭ ئۆتىدە تاش بارلىقى ئېسىمگە كېلىپ: «ھەي خالايىق، بىردىن ئالغاندىكىن ئىنساپ قىلىڭلار، بۇنى ھەممىمىزدىن بەكرەك جاپا چېكىپ ئىشلەيدىغان بىرسىگە — جۇيجاڭغا بەرسەك قانداق؟» دېدىم... ئۆيگە ئالغاچ كەتكىن، رەنا ئىشلەتسۇن...

ئۇ، قىز ۋاقتلىرىدىمۇ شۇنداقتى. بىراۋنىڭ نەرسىسى ئارقىلىق باشقىلارغا ياخشى بولۇشقا ئامراق ئىدى. بىراق ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭغا رەشىدەنىڭ ھەممە قىلىقى ئارتۇقچىلىقتەك بىلىنەتتى. دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭگە مەڭگۈ ئادىل باھا بېرەلمەيدىكەنسەن. بىراق ئابلىز ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ باشقىچىلا بىر ئادەم. ئۇ بىردىنلا قەدىناس دوستىنى سېغىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— قانداق، ئابلىز كۆنۈپ قالدىمۇ؟ بۇ تەرەپلەرگە كەلمەيدىغۇ؟

— كۆنمەي نەگە باراتتى، ئاشۇ توپىلىق شەھەرگىمۇ كۆنگەنغۇ؟ يېقىندىن بېرى ئالاھىدە روھلىنىپ قالدى. يىل ئاخىرىغىچە قولۇمدىكى تېمىنى تۈگەتمىسەم بولمايدۇ، دەپ ئالدىراپ يۈرىدۇ.

— ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، سالامەتلىكىگە دىققەت قىلسۇن، خىزمەتكىلا قادىلىۋالماي، ئانچە - مۇنچە تالا - تۈزگە چىقسۇن، بىز تەرەپلەرگىمۇ كەلسۇن، باشقا ئىشلارنى سالامەت بولغاندىلا قىلغىلى بولىدۇ.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، مېنىڭ خابولىدىغىنىمۇ شۇ ئىش. جېنى بىلەن ھېسابلاشماي، ئىشلەيمەن دەپ يۈرۈپ ئاشقازىنىنى كېرەكتىن چىقاردى. ئۇنى ئاز دەپ يېقىندىن بېرى قان بېسىمىمۇ پات-پات ئۆرلەپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىڭىزنى ئىشقا بۇنچە ئۇرماڭ دېسەم، ياش بالىلارنىڭ ئارىسىدا قاپتىمەن، قىلغان ئىشىمنى باشقا ئېلىپ چىقمىسام شۇلارنىڭ ئالدىدا سەت تۇرمامدۇ، دەپ ئۆزىنىڭ گېپىنىلا قىلىدۇ...

ئۇ، رەشىدەنىڭ سۆزىدىكى يوشۇرۇن مەنانى دەرھال چۈشەندى.

— راست، ئابلىز ياش بالىلارنىڭ ئارىسىدا قالدى. كونىلارنىڭ ھەممىسى تەتقىقات ئىشىنى جاپالىق، ئىستىقبالسىز كۆرۈپ ئۇياق - بۇياققا كېتىپ قېلىشتى. قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر نەچچىسىمۇ ئۆسكەندىن كېيىن مەمۇرىي ئىشلار دۆۋىسى ئىچىدە كېرەكسىز بولۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ

تەتقىقات ئىشى جاپالىق. سالامەتلىكى ناچار، ياشانغان خادىملارنى يېنىكرەك ئىشلارغا يۆتكەپ ئىشلىتىشمۇ زۆرۈر. بىراق، ئابلىز... ئىختىساسلىق خادىم، ئۆز كەسپىگە تازا لايىق.

— ئۇ، ھېچ بولمىسا يەنە 5 - 6 يىل ئىشلەپ تەتقىقاتچىلىق ئۇنۇۋانىنى ئېلىۋالسا بولاتتى. بىراق جۇڭگودا نۇرغۇن كىشىلەر تەتقىقاتچى ئۇنۇۋانىدىن كوجاڭلىق ياكى مۇئاۋىن جۇيجاڭلىقنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. بۇنىڭ نۇرغۇن ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرىمۇ يوق ئەمەس...

رەشىدە ئۇنىڭ جىم بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، گېپىنى دەرھال يۆتكىدى:

— ھە راست، مەن سىلەرنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلغىلى كىرگەنىدىم. ئابلىز ئىككىمىزنىڭ ئىككى ئائىلىدىكىلەر بىرەر كۈن جەم بولۇپ، مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشساق، باللارمۇ ئۆزئارا تونۇشۇۋالسا دەيدىغان ئارزۇيىمىز بار ئىدى، قاچان ۋاقتىڭلار يېتەركىن؟ ياق، ياق، بارمىساڭلار رەنجىپ قالىمىز، بىزنى ياراتمىدى دەيمىز... بولۇپمۇ چوڭ ئوغلۇمنىڭ ئادىلجان بىلەن تونۇشقىسى بار...

ئۇ، رەنا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئېنىق جاۋاب بەرمەكچى بولدى.

رەشىدەلەرنىڭ ئۆيى بىرىنچى قەۋەتتە ئىدى. مېھمانخانىنىڭ بالكونىدىن توپ - توپ قويۇق ھەم ياپيېشىل سىرىن شاخلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەيىن شامال مېھمانخانىغا ئاللىقانداق گۈللەرنىڭ مەست قىلغۇچ پۇرىقىنى ئېلىپ كىرەتتى، ئەپسۇسكى، ئۇ سىرىن پۇرىقى ئەمەس، سىرىنگۈللەر ئاللىقاچان توزۇپ بولغانىدى. ئۇ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى يۇمدى. كۆزىگە بىرىنچى قەۋەتتىكى، دېرىزىسىگە سىرىنگۈللەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرىدىغان قىزلار ياتىقى، ئاق كوپتا، قارا سارافان كىيىپ يۈرىدىغان زىلۋا ئوقۇغۇچى قىز كۆرۈنگەندەك بولدى. بىراق، رېئاللىقتىكى ياسىداق مېھمانخانا، ئۈستەلدىكى نازۇ - نېمەتلەر، ئاۋۇ ئاغزىدىن تەكەللۇپ سۆزلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ساھىبخان ئايال ئۇنىڭ خىيالىدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشتىن نەقەدەر زور پەرقلىنىدۇ - ھە.

ئۇ، ھەشەم بىلەن تەييارلانغان داستىخانغا سەل كۆڭلى ئاينىغان ھالدا نەزەر سالدى. ساپلا گۆش، گۆش بىلەن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر، قورۇمىلار. بۇ مەنزىرە خۇددى بىرىسىنىڭ بايلىقى، سېخىيلىقى ۋە ھۈنىرىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقىنىغا ياكى ئاچ - يالىڭاچ قالغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ ھەممە ياخشى تائاملارنى يىغىپ ئاخىرقى قېتىم راسا بىر تويۇنىۋالماقچى بولۇۋاتقىنىغا ئوخشايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ بىر ۋاقلىقى ئۈچۈن بىر قاچا تاماق بولسىلا كۇپايە. ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنى ۋە ۋىجدانىنى مۇشۇنداق بىرەر قېتىملىق يەپ - ئىچىشكە تېگىشىۋېتىدىغانلار نەقەدەر ئەرزىمەس كىشىلەر - ھە! بىراق، ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەممە گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتماي قالمايدىغىنىغا ئوخشاش، ئاچكۆزلۈكنىڭمۇ جازاسىنى تارتىدۇ. ھەددىدىن زىيادە ئىستېمال قىلىنغان گۆش - ماي ۋە باشقا قۇۋۋەتلىك نەرسىلەر ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قانلىرىنى قويۇقلىتىپ، تومۇرلىرىنى تارايتىۋېتىدۇ. قان بېسىمىنى ئۆرلىتىپ، يۈرىكىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ كىشىلەر «دۆلەت كېسىلى» دەپ ئاتىلىدىغان مۇنداق كېسەللەردىن خالىي. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ كېسەللەرگە گىرىپتار بولغىسى يوق. ئۇزاق، ساغلام ياشىغىسى بار.

ئۇ، سوغۇق سەيلەر بىلەن يەل - يېمىشكە ئاندا - ساندا ئېغىز تەگكەچ ئابلىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئۇلار چوڭقۇر ھېسسىيات ئىچىدە ئۆزلىرىدىن بەك يىراقلاپ

كەتكەن ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنى، ساۋاقداش، دوست - بۇرادەرلىرىنى ئەسلەشتى. رەنا بىلەن رەشىدەمۇ بىر چەتتە ئۆزلىرى قىزىقىدىغان ئىشلار — كىيىم - كېچەك مودىلىرى، ئۆي ئىچى، بالا - چاقىلىرى، ئالتۇن جابدۇقلارنىڭ باھاسى ھەم تونۇش ئاياللارغا ئائىت قىزىقارلىق ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىشى. ئىشىك تەرەپتىكى ئايرىم ئورۇندا رەشىدەنىڭ چوڭ ئوغلى مەردان ئادىل بىلەن تاۋار تاشلىق يوغان - يوغان ئەلبۇملارنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. مەردان ئادىلغا سۈرەتتىكى كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ بەزى سۈرەتلەرنى كۆرسىتىپ بىر نەرسە دېگەندە، ئىككىسى پەس ئاۋازدا كۈلۈشەتتى. ئەلبۇملاردا ھەممىدىن كۆپى مەردانىنىڭ سىڭلىسى گۈلەندەمنىڭ چوڭايتىلغان سۈرەتلىرى ئىدى.

قارىغاندا، بۇ سۈرەتلەر ئادىلنى ئاللىقاچان ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغاندەك تۇراتتى. ئاپپاق پەرتۇق تاقىۋالغان گۈلەندەم ھەر قېتىم مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگىنىدە ئۇ ئەلبۇمدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، قىزارغىنىچە قىزغا يەر تېگىدىن قارايتتى. كارىدوردىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانسىمۇ كۆزلىرى ۋال - ۋۇل چاقناپ كېتەتتى.

كەچ كىرمەكتە ئىدى. يىراق - يېقىندىكى دەل - دەرەخلەر، سېرىن شاخلىرى كەچقۇرۇنقى غۇر - غۇر شامالدا تەۋرىنىشكە باشلىدى. بالكوندىن قارىغاندا كىشىدە گويا كائىناتتىكى ھەممە نەرسە تەۋرىنىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولاتتى. سىرتتىن كىرىۋاتقان گۈللەرنىڭ مەست قىلغۇچ پۇرىقى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. پەرتۇقلىرىنى يېشىۋېتىپ قايتىدىن پەرداز قىلىپ ئۈلگۈرگەن گۈلەندەم ئاسما چىراغنى يېقىۋەتتى. چىقىپ كېتىۋېتىپ سەل تارتىنغان ھالدا كۈلۈپ ئاكىسىنى چاقىردى، مەردان ئادىلنى تارتىپ بىللە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— ياش بالىلار ئەمەسمۇ، بىز بىلەن ئولتۇرۇشتىن قىسىلىپ قالدى بولغاي، — دېدى رەشىدە ۋە ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدىن چىققۇسى كېلىپ ئولتۇرالماي قالغان مېھرىباننى قولىدىن تۇتۇۋېلىپ ئېلىپ قالدى.

— قىزىمنىڭ نېمە يېگۈسى باركىن؟ ئاۋۇ تورتتىن ئېلىپ بېرەمدىم ياكى ئالمىدىنمۇ؟ مانا ماۋۇ ئالما خۇددى قىزىمنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدىكەن...

گۈلەندەمنىڭ ھۇجرىسىدىن تانسا مۇزىكىسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

دادا بولغۇچى ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەت ئۆزگىرىشلىرىنى سەزمىدى ئەمەس، ئەكسىچە، ئۆتۈپ كەتكەن تارىخ، ئۇنتۇلغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ جانلىنىپ، تەكرارلىنىۋاتقانلىقىغا ئەقلى لال بولۇپ ئولتۇراتتى.

شۇنداق ئەمەسمۇ، بىر چاغلاردا ئۇمۇ خۇددى ئوغلى ئادىلغا ئوخشاش ياش، كېلىشكەن، ھېسسىياتلىق يىگىت ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ باشلىق دادىسى يوقتى، تۇل ئانىسى، ئۈچ گۆدەك ئۇكىسى بار ئىدى. ئالىي مەكتەپكە بارغان تۇنجى يىلى قىزلار ياتىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا بىر قىز ئۇنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلىۋالدى. شۇ كۈنىمۇ ئۇچۇق دېرىزىدىن شامالدا تەۋرىنىپ تۇرغان سېرىنگۈللەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سېرىن پۇرىقى كىشىنى مەست قىلغۇدەك دەرىجىدە قويۇق ئىدى. ئۇ قىز گۈلەندەمگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، ئۇمۇ گۈلەندەمدەك قىزغىن، تېتىك ھەم مەغرۇر ئىدى. مەكتەپ بويىچە قىزلارنىڭ سەرخىلى، گۈللەرنىڭ تاجى ئىدى. ئەنە شۇنىڭدىن

كېيىنكى تۆت يېرىم يىللىنى ئۇ ئاشۇ قىزنىڭ دەردىدە ئۆتكۈزدى. ئۇلار بىللە دەرس تەييارلايتتى، سىرتلارغا بىللە چىقاتتى. ئىچ سىرىنى، خاپىلىق ياكى خۇشاللىقلىرىنى بىر - بىرىگە ئېيتىشاتتى. ئاخشىمى ئۇ سوغۇق سىنىپتا كېچىلەپ ئولتۇرۇپ يالقۇنلۇق مۇھەببەت لېرىكىلىرىنى يازاتتى. ئەتىسى قىز بۇ شېئىرلارنى ئوقۇپ كۆز يېشى قىلاتتى. بىراق ئۇ ئاخىرى ئۇنى ئەمەس، ئابلىزنى تاللىدى. ئابلىزنىڭ ئائىلە ئىقتىسادى ياخشى ئىدى، چىرايلىق كىيىنىپ قېتىپ يۈرەتتى، قىزلارنىڭ ئالدىدا مەرد، سېخىي ئىدى.

ئاۋۇ قىزمۇ يەنە يىگىرمە نەچچە يىلدىن كېيىن ھازىرقى رەشىدەنىڭ ئۆزى بولدى. خۇددى ئۇنىڭدەك پىشقان، قۇۋ، بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھېچقانداق ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان ئايال بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى، كۈلۈشلىرى، قوشۇمىسىنى سەل تۈرۈشلىرى ھەتتا مىڭىشلىرىدىنمۇ كەلگۈسىدە ئۇنىڭ شۇنداق ئادەم بولىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئەجەبمۇ ساددا ئىكەن، ئۇنىڭ چىرايغا، سىرتقى كۆرۈنۈشكە شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەنىكەن. ئەمدى ئوغلى ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىۋاتىدۇ. ئۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتەلەرمىكىن؟ ياق، كۆرەلمەيدۇ. بەزىدە بىر ئادەمنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىش ئۈچۈن 20 — 30 يىل كېتىدۇ. تونۇپ يەتكەندە بولسا، ھەممە ئىش كېچىككەن بولىدۇ. بۇنىڭغا نىمە ئامال، ياشلار ھامان مۇستەقىللىككە ئىنتىلىدۇ. ئۆز ئىشىغا باشقىلارنىڭ چات كېرىۋېلىشىنى خالىمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئوغلى ئۆزىگە قارىغاندا، سوغۇققانراق، تەجرىبىلىكرەك بولغىنىدا، باشقا گەپ ئىدى. ئەمما ئۇ ھازىرغا قەدەر ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بۇ خىل ئارتۇقچىلىقلارنى بايقىمىدى. دېمەك، بۇ دۇنيادا ئىشلار شۇنداق بىمەنە. نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تازا جايىدا بولمايۋاتقىنىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇسەنۇ، ئۇنى كۆرمەسكە سېلىشقا، ئۇنىڭغا يول قويۇشقا، ھەتتا ئۇنى قوللاشقا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولىسەن.

ئەتىرگۇل پۇراقلىق ئۈزۈم ھارىقى ئاستا - ئاستا تەسىرىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. ئۇنىڭ خىيالىغا ئادەتتە ئانچە چوڭقۇر ھېس قىلمىغان نۇرغۇن ئىشلار، ئاجايىپ ياخشى، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ئوي - پىكىرلەر كېلەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىگۈسى، كۆڭلىدىكى نۇرغۇن - نۇرغۇن سۆزلىرىنى ئولتۇرغانلارغا تۆكۈپ بەرگۈسى كەلدى، بىراق ئۇ سۆزلىمىدى. ئورۇنسىز سۆزلەپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلىپ، رەشىدەنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ جىم ئولتۇردى.

رەشىدە ئۇ يەر - بۇ يەردىن گەپ تېشىپ، ئاخىرى گەپنى كورپۇس - كورپۇس يېڭى تۇرالغۇ ئۆيلەرگە، تەتقىقات ئورنىنىڭ زامانىۋى تەجرىبىخانا بىناسىغا، سېلىنىش ئالدىدا تۇرغان بىرلەشمە بىناغا يۆتكىدى. بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئەڭ نازۇك بىر يەرلىرىنى تىترەتتى. دەرۋەقە، مۇشۇنچە زور ئىشلار يالغۇز ئۇنىڭلا قولىدىن كەلگەن ئىشلار ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ غايەت زور پاراسەت، شىجائەت ۋە چارە - تەدبىر تەلەپ قىلىدىغانلىقى پاكىت. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكلەر، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خېلى-خېلى ئادەملەر، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ يېرىمىنى قىلالىغىنى يوق.

— كىشىلەر: بىزنىڭ جۇيجاڭ بىرسى، گېلىدىن ئىلىنمايدۇ، يەنە بىرسى، سەتەڭ خوتۇنلارغا ئالدانمايدۇ، — دېيىشىدىكەن، —

دەپ كۈلدى رەشىدە، — مەن ئۇلارغا
تەلئەت دېگەن ئەخلاق - پەزىلەتتە كاما-
لەتكە يەتكەن، ئەر كىشىلەرنىڭ ئىچىدە
تېپىلغۇسىز ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەنادەك
يېتىشكەن، ساھىبجامال ئايالى تۇرغان
يەردە باشقا ئاياللارغا نەزەر - كۆزىرىنى
سالاتتىمۇ، — دېدىم.
ھاراقنىڭ كۈچەيدىنىمكىن ياكى رەشى-
دەنىڭ تازا جايىنى تېپىپ ماختاشلىرى-
دىنىمكىن، ئۇ ئۆزىنى بۇلۇتلار ئۈستىدە
پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سېزىشكە باشلىدى.
راست ئەمەسمۇ، ئۇيغۇر خەق باشلىق بول-
سا، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ بىر يىلغا
قالماي قورساق سالىدۇ، ئىككىنچى يىلدىن
تارتىپ خوتۇنبازلىق قىلىشقا باشلايدۇ.
ئۇچۇ؟ يەپ - ئىچىشتىن ئۆزىنى قاتتىق
تارتتى، مېھماندارچىلىق، زىياپەتلەرگە ئاز
باردى. شۇ سەۋەبتىن بەزىلەرگە يامانمۇ
بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە
بولغان، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشىپ
ھەر خىل ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ
باققان ئاياللار ئازمىدى؟ ئەمما ئۇ مۇشۇ
ۋاقىتقا قەدەر ئۆزىگە قىلچە گەپ يۇقتۇردىمۇ؟
ئۇنىڭ دوستلىرىلا ئەمەس، دۈشمەنلىرىمۇ
ئۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمىدىغۇ!
ئۇ، ئۆز خىياللىرى بىلەن بولۇپ كەت-
كەن چېغىدا رەشىدە ئۇنى يۇمشاق بۇلۇت-
لارغا مىندۈرۈپ، ئاستا - ئاستا بۇلۇتلار ئۈستى-
دىن رېئاللىق قوينىغا قايتۇرۇپ كەلگەندى.
ئۇ ئەمدى ئابلىزنىڭ ئاتا - ئانىسى
چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن
«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا تارتقان كۈل-
پەتلىرى، ئۇزاققىچە مەسىلىسى ھەل قىلىن-
ماي ئېسىپ قويۇلغانلىقى، چەتكە قېقىل-
غانلىقى، يىل - يىللاپ يېزىلاردىن كېلەل-
مەي دېھقاندەك يالىڭاياغ توپا كېچىپ،
زاغرا نان يەپ ئىشلەپ كەتكەنلىرىنى
سۆزلىدى، سۆزلەپ - سۆزلەپ كۆڭلى
بۇزۇلۇپ يىغلاپمۇ ئالدى. ئۇنىڭ گەپلى-
رىدىن تەسىرلىنىپ كەتكەن رەنا كىچىك،
ئاپئاق قولياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى-
نى سۈرتۈپ:
— بولدى ئەمدى، كۆڭلىڭىزنى بۇز-
ماڭ، ئۆتكەن ئىشلار كەلمەسكە كەتتى.
ئەمدى ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كەتتى-
غۇ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى بو-
لىدۇ. تەلئەت ساۋاقداشلىق، دوستلۇقنىڭ
يۈزىنى قىلمىسىمۇ، ئابلىزنىڭ تارتقان جاپالى-
رى، ئىشلىگىنىنىڭ يۈزىنى قىلار، — دېدى.
ئۇلار سالقىن ياز ئاخشىمىدا پىيادە
قايتىپ كېلىۋاتقاندىمۇ تەلئەتنىڭ ھايا-
جانلىق كەيپىياتى بېسىلمىدى. ئۇ، ئايالى
بىلەن قىزىغا توختىماي سۆزلەپ ماڭدى.
ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئىچىدە ئۇلارغا قاتار
چاي ئولتۇرۇشىغا ماڭغان بىر توپ ياش
ئاياللار ئۇچرىدى. بارلىق ھۈنىرىنى ئىش-
قا سېلىپ بولۇشىغا ياسىنىشقان، بىر - بىرى-
دىن چىرايلىق بولۇپ كەتكەن چوكانلار
كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، ئەتراپقا
ئۇپا - ئەڭلىك، ئەتىر پۇراقلىرىنى، ناز-
كەرەشمىلىرىنى تارقىتىپ سۇمباتلىق ئىدا-
رە باشلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئايالىغا سالام
قىلىشتى. تەلئەت ھەر قاچانقى ئادىتىنى
بۇزۇپ ئۇلارغا بىر نەچچە ئېغىز چاقچاق
قىلدى. چوكانلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى، ئۇ-
لارنىڭ كۈلكە ئاۋازى كېچە ئاسمىنىدا
خېلىغىچە جاراڭلاپ تۇردى.
ئادىل كېچىكىپرەك، سائەت 10 لاردا
قايتىپ كەلدى. خېلى ۋاقىتلارغىچە ھوج-
رىسىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي مۈزىكا
ئاڭلاپ ياتتى.

* * *

ھاراق ئىچمىگىلى ئۇزاق بولغاچقىمىكىن
ياكى ھەددىدىن ئارتۇق ھاياجانلىنىش

تۆپەيلى كېچىچە ياخشى ئۇخلىيالمىغاچقىمى-
كىن، ئەتىسى ئەتىگىنى ئۇ بېشى يېرىلىپ
كەتكۇدەك ئاغرىۋاتقان، كۆڭلى ئېلىشقان
ھالەتتە ئويغاندى. بۇ ھالەت ئۇ يۈز -
كۆزىنى يۇيۇپ، بىر پىيالە قىزىق چاي
ئىچكىچىمۇ، ھەتتا ئىشخانىغا يېتىپ كەلگى-
چىمۇ ئوڭلانمىدى. شۇڭا ئارقىسىدىنلا سوڭ-
دىشىپ كىرىپ كەلگەن مەستۇرە ئۇنىڭ كۆزىگە
ھەر قاچانقىدىنمۇ سەت، يىرگىنىشلىك
كۆرۈندى. بۈگۈن ئۇ قىپقىزىل چاچلىرىنى
خورازنىڭ تاجىسىدەك ئالدىغا پاخپايتىپ
ياسىۋالغان، ئادەتتە «/» شەكلىدە ئېتىدىغان
قاشلىقىنى «٨» شەكلىگە ئۆزگەرتكەنىدى.
چىرايىدىن، ھەرىكىتىدىن، ئۇكە - ئۇكى-
لىرىدىن بىر خۇشلۇق چىقىپ تۇراتتى،
ناخشا ئېيتىمىسىمۇ، كىشىگە ناخشا ئېيتى-
ۋاتقاندەك، مېڭىشلىرى ئۇسسۇل ئويناۋات-
قاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، ئايالغا قاپىقىنى
تۈرۈپ زەردە بىلەن قاراپ قويدى. ئايال
ئۇنىڭغا پىسەنت قىلىپمۇ قويماي، خوجا-
يىنلارچە قىياپەتتە ئورۇندۇق، داس، چاي-
دان دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۇياقتىن -
بۇياققا يۆتكەپ يۈرەتتى. ئۇ، ئۇستەلنىڭ
ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرى
ئۇستەلدىكى ھەممە نەرسىنى تېزلىك بىلەن
ئورنىدىن يۆتكەشكە باشلىدى. تېلېفون،
قەلەمدان، سىياھ قۇتىسى، گېزىت، كالېندار...
نۆۋەت كۆزەينەككە كەلگەندە ئۇ بىردىنلا
ئۆزىنى باسالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە
ئۇزاقتىن بۇيان بېسىلىپ كەلگەن بىر
نارازىلىق بىردىنلا كۈچلۈك پارتلاشقا
ئايلىنىپ بوغۇزىدىن ئېتىلىپ چىقتى:

— بولدى، بولدى! ئادەمنىڭ كۆزىگە
كىرىۋالماي چىقىڭ، چىقىپ كېتىڭ!
كېيىن ... ئەتە تازىلىسىڭىزمۇ بولۇۋېرى-
دۇغۇ! قانداق دېگەن خوتۇن بۇ، تاراق-
تۇرۇقى تۈگىمەيدىغان ...

ئايال ھاڭ - تاڭ قالدى. كېيىن،
بىردىنلا غەزەپلەنگەن چىشى مۈشۈكتەك
ھۈرپەيدى. «٨» شەكلىدە سىزىۋالغان
قاشلىرى غەلىتە سەكرەپ كەتتى، قول-
دىكى كۆزەينەكنى ئەينەك ئۈستىگە تاراق-
قىدە قويۇپ، ئاغزىنى قويۇپلىۋەتتى:

— ۋىيەي، قانداق ئادەم ماۋۇ، ناش-
تىلىقىنى ئىت ئەپقاچتىمۇ نېمە! نېمە
بولدىڭىز، قاغا پوق يېمەستە نېمە ئادەمگە
شالىڭىزنى چاچرىتىسىز؟ مەن بۇ يەرگە
سىزنى سېغىنىپ، دىدارىڭىزنى كۆرگىلى
كەلمىدىم، خىزمىتىمنى قىلغىلى كەلدىم.
گېپىڭىز بولسا چىرايلىقچە قىلىڭ جۇمۇ،
سىز مېنىڭ دادام ئەمەس يا ئېرىم ئەمەس.
ئادەمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماي دەپ كەت-
كەنلىرىنى تېخى، نېمانچە يوغانلىق بۇ!
سىزدەك جۈيجاڭ، پۈجاڭدىن نەچچىنى
كۆرگەن بىز ...

ئايالنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ
كىشىلەر كارىدورغا چىقىشتى. ئۇلار باش-
لىقنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
تاماشا كۆرۈشتىن ئەيمىنىپ، خۇددى بىر
ئىشى باردەك بىر - بىردىن ئىشخانىنىڭ
ئالدىدىن ئۆتۈپ يەنە قايتىپ كېلىشتى.
كارىدوردا بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئاغزى-
نى تۇتۇپ كۇسۇرلىشىپ جېدەلنىڭ
ئەۋجىگە چىقىشىنى ساقلاپ تۇرۇشتى.

ئۇ جاۋاب قايتۇرمىدى، جاۋاب قايتۇر-
غان بولسا، سىزدەك خوتۇننىڭ بۇ يەر-
دە ئىشلەش سالاھىيىتىڭىز يوق، بېرىپ
ئۆزىڭىزگە لايىق ئىش تېپىڭ، دەۋېتىشى
ياكى تېخىمۇ يامان گەپلەر بىلەن كۆڭ-
لىدىكى ھەممە نارازىلىقلىرىنى تۆكۈپ
تاشلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما نارازىلىق-
لىرى تۈپەيلى ئاچچىقلىنىشىنىڭ نەقەدەر
ئورۇنسىزلىقىنى بىلەتتى. تېخىمۇ مۇھىمى،
ئايالنىڭ ئىككى قولى بىلەن بېلىنى

تېرەپ تۇرغان غەزەپلىك ھالىتى، قىزىرىپ پوكاندەك بولۇپ كەتكەن چىرايى، غەزەپ ئوتى چاچرىتىپ تۇرغان كۆزلىرى، قىسقىسى ئايالنىڭ ئاشۇ تۇرقىدىكى قانداقتۇ بىر لەرزە ئۇنى پەسكويغا چۈشۈرگەن، قورال-سىزلاندۇرغانىدى. ئۇ سەل ھاڭۋېقىپ باشقىچە قىزىقارلىق، غەلىتە بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپلا قالغانىدى.

ئايال دەيدىغىنىنى دەپ ئىچ قارىنى بوشىتىۋېلىپ ئالدى - كەينىگە قارىماي چىقىپ كەتتى. ئۇ، رەشىدەنىڭ ۋە يەنە كىملەرنىڭدۇر كىرگىنىنى، تەشۋىش بىلەن بىر نېمىلەرنى دېيىشكىنىنى كۆردى. ئەمما نېمە دېگەنلىكلىرىنى ئاڭقىرالمىدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى. ئاشۇ غەشلىك ئىچىدە چۈشىنىكسىز يېڭىلىقنىڭ بىر سېزىم بار ئىدى. ئايالنىڭ ھۆرپىيىپ تۇرغان چىشى مۇشۇكتەك قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

شۇ كۈنى ئۇ كېچىچە رەھمەتلىك ئانىسىنى، بالىلىق ۋاقىتلىرى ئۆتكەن كىچىككىنە ۋەيرانە قورۇنى، يەنە نۇرغۇن ناتونۇش چىرايلارنى چۈشەپ چىقتى. تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ كېتىپ ئۇزاققىچە تورۇسقا قاراپ ياتتى.

شۇنداق، ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى بىر ۋەيرانە قورۇدا، مىسكىنچىلىكتە ئۆتكەن. ئانىسى ئاقسېرىق، قاڭشارلىق، ئەر كىشىدەك قاۋۇل ئايال ئىدى. ئۇنى ۋە ئۇكىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن بەزىدە باققاللىق، لەڭپۇڭچىلىق قىلسا، بەزىدە ئۆپكە - ھېسىپ قويۇپ ساتاتتى. يەنە بەزىدە قورۇلۇشتىمۇ ئىشلەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بەك تەستە ئۆتەتتى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇكىلىرى تازا تەن قويۇپ ئۆسۈۋاتقان بولغاچ يەپ تويمايتتى. ئۇ مەكتەپتىن كەلگەندە چوڭ ئۇكىسىنى باشلاپ شەھەر ئەتراپىدىكى ئاقتاما قىلىنغان ئېتىزلىقلاردا، جىگدىلىكلەردە يۈرۈپ يېگۈدەك نەرسىلەرنى يىغاتتى. يوغان بۆرە ئىتىنىڭ قوغلىشىغا، تۇتۇلۇپ قالسا ئۆلگۈدەك تاياق يەيدىغانلىقىغا قارىماي ئەترەتنىڭ ئېتىزلىقىدىن ئوغرىلىقچە بىدە تېرەتتى.

قاچانلاردىن تارتىپكىن، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن يات ئەر كىشىلەر ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئانىسى ئاخشىمى ئىچكەركى ئۆينىڭ ئىشىكىنى چىڭ تاقاپ قويۇپ، تاشقىرىدىكى ئۆيدە مېھمان كۈتەتتى. ئۇ ئۆيدىن خېلى ۋاقىتلارغىچە دۇتار، ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كەلگەن مېھمانلار يېرىم كېچىلەردە، بەزىدە خوراز چىللىغاندا كېتىشەتتى، بەزىلىرى قورۇغا، كوچا دوقمۇشىغا قۇسۇپمۇ قوياتتى. ئۇنىڭ ئۇكىلىرى ھېچ ئىشتىن بىخەۋەر تاشتەك قېتىپ ئۇخلايتتى، ئۇ بولسا، كېچىچە نومۇستىن، ئاچلىقتىن، نەپرەتتىن يىغلايتتى.

قولۇم - قوشنىلار ئۇنىڭ ئانىسىنى يامان كۆرەتتى، غەيۋىتىنى قىلاتتى، ئەمما يۈز تۇرانە بىر نېمە دېيىشكە پېتىنالمايتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزى يالغۇز. پۈتۈن مەھەللىگە تېتىيدىغان ئايال ئىدى. بىرەرسى چىشىغا تېگىپ قويسا، ئۇنداق ئادەمنى كوچىغا چىقىرىۋېلىپ، قوللىرىنى بېلىگە تېرەپ تۇرۇپ تازا تىللايتتى، ھېچكىم بىلمەيدىغان، ئەڭ ھەزەر ئەيلەيدىغان ئەيىبلىرىنى چىشلەپ تارتىپ چاۋىسىنى چىتقا يایاتتى. بىراق، ئورۇنسىز جېدەل چىقارمايتتى، ئادەم بوزەك قىلمايتتى. ئۆزىنىڭ نامراتلىقىغا قارىماي، بالىلىرىنىڭ گېلىدىن، ئۇچىسىدىن قىسىپ قوشنىلىرىغا ياردەم قىلاتتى. ھەر قانچە قىينالسىمۇ چىشىنى چىشلەپ بالىلىرىنى مەكتەپتىن قالدۇرمايتتى. ئۇ، ئانىسىنى ياخشى كۆرەتتى،

ئۇنىڭغا قايىل بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن قورقاتتى، ياتسىرايتتى، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنەتتى.

ھەر كۈنى ئاخشىمى كېلىدىغان، ئىشىك-دېرىزىسى مەھكەم تاقالغان ئۆيدە ئانىسى بىلەن كېچە - كېچىلەپ بىللە بولىدىغان ئەر كىشىلەر ئۇنىڭ پۈتكۈل بالىلىق دەۋرىنى تۈگىمەس قەبىھ چۈشكە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇ، ئانىسى بىلەن كۆپ قېتىم سوقۇشقان، ئۆيگە داۋاملىق كېلىدىغان بىر ئەر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىمۇ بولغان ... بىراق، ئانىسى بولمىغان بولسا، ئاشۇ ئەرلەر بولمىغان بولسا، بەلكىم ئۇ بۈگۈنكىدەك ئادەم بولالماستى. ئۇنىڭ ئۇكىلىرىنىڭ تەقدىرىمۇ باشقىچە ئېچىنىشلىق بولارىدى.

بىراق، ئەنە شۇنداق ئاياللارغا ۋە ئەرلەرگە بولغان نەپرەت ئۇنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورنىشىپ قالدى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلىق ۋاقىتلىرىدىمۇ، خىزمەتكە چىققاندىمۇ ئۆزىنى تەقۋادارلاردەك تۇتتى (رەشىدەگە بولغان پىلاتونچە مۇھەببىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا). 30 ياشقا يېقىنلاشقىچە — رەنا بىلەن توي قىلغىچە ئايال جىنسىغا كۆز قىرىنى سالمىدى. توي قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ، ئائىلىسىنىڭ نامىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىدى، ۋۇجۇدىدىن بالىلىق ۋاقىتلىرىنىڭ قەبىھ چۈشكە ئوخشايدىغان كۆڭۈلسىز خاتىرىلىرىنى يوقىتىشقا، تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشقا ئۇرۇندى. بىراق، تۈنۈگۈن ئەتىگەن ھېلىقى ئايال ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىستىھكامىنى بىردىنلا ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ھەم نەپرەت، تەقەززالىق ھەم قورقۇنچ ئارىلاشقان غەلىتە بىر خىل ھېسسىيات باش كۆتۈردى. ئەگەر شۇ تاپتا ئۇنىڭ سول مۈرىسىدە راستىنلا بىر شەيتان بولىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ غەلىبىسىدىن قاقاقلاپ كۈلۈۋاتىدىغاندۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە جېنىنىڭ بارىچە: «ياق، ياق!» دەپ ۋارقىرىۋەتكىنىنى تۇيماي قالدى.

ئايال ئەتىسى كەلمىدى، ئۆگۈنىمۇ كەلمىدى. ئۇ، بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلغانىدى. ئۇلا ئەمەس، ئاۋۇ ئەخلەتكە توشۇپ كەتكەن سىم سېۋەت، قۇرۇق چايدان، سۇ قۇيۇلمىغان گۈللەر، ھەتتا نېمىشقىدۇر يېقىلماس بولۇپ قالغان چىراغمۇ ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ ئايالنىڭ كۆزگە سىغمايدىغان ھەممە قىلمىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ نەقەدەر ئەرزىمەس، يىرگىنچلىك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆچەپ ئىسپاتلاپ چىقتى. بىراق ھەر قېتىم ئىشىك «تىرىق» قىلغاندا ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ قارايتتى، ئاشۇ يىرگىنچلىك ئايالنىڭ ساغرىسىنى تولغاپ مېڭىپ كىرىپ كېلىشىنى، غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ ئىشخانىنى تازىلىشىنى، چايدانغا چاي ئەكىرىشىنى، پەردىلەرنى «شارت-شۇرت» قىلىپ ئېچىپ، ئۆزىنىڭ چىشىغا تېگىشىنى ئارزۇلايتتى. ئۆزىدىكى بۇ غەيرىي ھالەتنى ئابدۇللا ئېيتقاندەك «ئادەتلىنىپ قېلىش»، «شەرتلىك رېفلېكس» دەپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇناتتى.

3 - كۈنى ئايال ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك كىرىپ كەلگەندە ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن خۇشال سەزدى. ئۇ قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇپمۇ، خۇددى بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى كۆزگە ئايلانغاندەك ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى — پولنى سۈرتكىنىنى، پەردىنى يېرىم ئېچىپ قويغىنىنى، گۈللەرگە سۇ قۇيغىنىنى، چايدانغا چاي ئېلىپ كىرگىنىنى، تەكچىلەرنى سۈرتكىنىنى

كۆردى. ئايال پايپاقسىز پۇتلىرى بىلەن ئورۇندۇققا دەسسەپ، سەل كۆتۈرۈلگىنىچە چىراغنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى تولغاشقا باشلىغاندا ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. باشلىرىنى ئارقىسىغا تاشلىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۇقىرىغا ئىنتىلىپ تۇرغان ئاشۇ قىياپىتى ئۇنىڭغا ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈندى. ئۇ، بۇ ئايالنىڭ سەت، يىرگىنىشلىك ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە، كىشىنى ئىنتايىن جەلپ قىلىدىغان ئايال ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىچىدە يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى. توۋا، ئايال كىشى دېگەن ئەجەب سىرلىق بولىدىكەن. ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا ئۇكىملىرىنىڭ چۆرگىلىتىپ قاراپ ئوينايدىغان بىر ئويۇنچۇقى بار ئىدى. ھەر تەرەپكە چۆرگىلىتىپ تۇرۇپ دىققەت بىلەن قارىسا، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، يېڭى - يېڭى، سىرلىق كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولاتتى؛ ئانىسى ئۇنى «شەيتان ئەينىكى» دەيتتى. ئۇنىڭ ئوپتىك ئەينەكلەر ۋە نەيچىلەردىن ياسالغانلىقىنى، ئىسمىنىڭ كالېيدوسكوپ ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلدى. ئايال كىشىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدىكەن. بىر قارىساڭ ئۇنداق، يەنە بىر قارىساڭ مۇنداق كۆرۈنىدىكەن. بەزى ئاياللار گۈزەل، مەغرۇر، كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئىچى قۇرۇق، سوغۇق، چاكىنا بولىدىكەن. يەنە بەزى ئاياللار قارىماققا مۇنداقلا تۇرغىنى بىلەن ... ياپىر، نەقەدەر چۈشىنىكسىز، ئۆزگىرىشچان خەق - ھە! ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشمۇ ئەشۇ ئاياللارغا ئوخشايدۇ، ئۆزگىرىشچان، تېگىگە يەتكىلى بولمىغىدەك سىرلىق ...

چۈشتىن كېيىن ئۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لاۋچېن ۋە ئابدۇللا بىلەن سىرتقا يىغىنغا كېتىۋېتىپ، ئابدۇللادىن مەستۇرەنىڭ ئېرى ۋە بالىلىرىنى سورىدى.

— ئېرىنى دەمسىز؟ بىر قارا قورساق ئىشچى قانچىلىك بولماقچىدى، پار قازىنىدىغۇ ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئىشلەپ يۈرىدۇ. ئاڭلىساق، ئۆيىدە بىر زومىگەر دەيدۇ. خوتۇنىنى ئىككى كۈندە بىر دۇمبالاپ تۇرارمىش. بىراق، بۇ خوتۇنمۇ بوش كېلىدىغانلاردىن ئەمەس ...

ئۇ، تەلئەتكە ئېھتىيات بىلەن قاراپ قويۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى، بىراق دەرھال ئەپسانە لەتىپىدىن بىرنى باشلىدى:

— بىر سودىگەر ئاغىنە بولىدىغان، بىر كۈنى ئىچكىرىگە ماڭىدىم، دەپ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. پويىز ئىستانسىسىدا ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئىچىشىپتۇ. يېرىم كېچىدە، خوتۇنۇمغا سۇيۇق ئاش ئەتكۈزۈپ بېرىمەن، جۇرۇڭلار، دەپ ئاغىنىلىرىنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپتۇ. ئاغىنىلىرىنى بالىلىرى ياتىدىغان ئۆيگە باشلاپ ئەكىرىپ ئۇخلاۋاتقان بالىلىرىنى: «ماۋۇ چوڭ بالام، ماۋۇ ئىككىنچىسى ...»دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. ھۇجرىغا كىرسە ئايالىنىڭ يېنىدا بىر ئەر كىشى ئۇخلاۋاتقۇدەك. ئۇ، ئاغىنىلىرىغا قاراپ: «ماۋۇ مەن بولىمەن» دەپتۇ...

تۆت ئەر كىشى قاقاقلاپ كۈلۈشتى. شوپۇر بىلەن لاۋچېن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي: «ھەي، بۇ ئابدۇللا بەك قىزىق نەرسە جۇمۇ» دېيىشىپ كېتىشتى.

چىراغلار خۇددى ئويقۇلۇق كۆزلەردەك غۇۋا يېنىپ تۇراتتى. ياق چىراغلار ئەمەس قاتار تىزىلغان ئوتقاشلار يېنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەتراپتا ئالا - بۇلا كۆلەڭگىلەر ئەرۋاھلاردەك ئەگىپ يۈرەتتى، كىملەردۇر ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى ... كۆلەڭگىلەر غايىب بولدى، ناخشا، ساز ئاۋازى ئۆچتى، غۇۋا، دالىدەك كەڭ ئىشخانىدا ئۇ ئۆزى يالغۇز قالدى. مەستۇرە ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىپ ئېڭىشىپ

بىر نېمىلەرنى قىلىۋاتاتتى، پات - پات بوينىنى بۇراپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ئاجايىپ سىرلىق، تارتىملىق، گويا ئۇنى ئۆزىگە چاقىرىۋاتقاندەك ئىدى. ئېگىشكەندە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان پايپاقسىز پاچاقلىرى قالتىس چىرايلىق، يوتىلىرى مەرمەردەك پارقىراق ئىدى.

ئايال توختىماي ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارايتتى. ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان ئۇششاق چاچلىرى ئارىسىدىكى كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ كۈلەتتى. ئۇ، ئايالغا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىشقا باشلىدى، يەردە مېڭىپ ئەمەس، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئايالمۇ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. پاتپاتلا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارايتتى. كۆزلىرى جامدەك يوغىناپ، گۈزەللىشىپ كەتكەندەك، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقاندەك، قىپقىزىل بويىۋالغان لەۋلىرىمۇ لاۋۇلداپ يېنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قوللىرىنى ئۇزىتىپ ئايالنى قۇچاقلىدى، قوللىرىنىڭ ئۇچىدىن كىرگەن شېرىن بىر جۇغۇلداش پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارىدى. بۇ، ئۇ ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ سېزىم ئىدى.

ئۇ، ئايالنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىماقچى بولاتتى، ئەمما نېمىشقىدۇر قوللىرى قولاشمايتتى، ئايال خۇددى بېلىقتەك قولىدىن چىقىپ كېتەتتى. ئالدىرايتتى، تىت - تىت بولاتتى ... ئۇشتۇمتۇت ئىشىك ئېچىلدى. ئىشىكتىن كىرگەن خەنجەردەك ئۇزۇن يورۇقلۇقتا ئېگىز بوي بىر ئەر كىشى ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بولۇپ، پەقەت كۆزلىرىلا بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك يېنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر توپ ئادەم بوينىنى سوزۇپ ئىشخانىنىڭ ئىچىگە قارىشىپ تۇراتتى، ئۇلارنى كۆرسىتىپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي بىر نېمىلەرنى دەيتتى ...

«تۈگىدى، تۈگەشتىم ... ھەممە ئىش ئاخىرلاشتى...» ئۇنى كۈچلۈك قورقۇنچ ئورىۋالدى.

ئۇ، ئايالنى قويۇۋەتتى. خىزمەت ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىگە تونۇش تارتمىنى ئاچتى، ئۇ يەردە قىزىل تاۋارغا ئورالغان تاپانچا بار ئىدى. ئۇ، تاپانچىنى قولىغا ئالدى - دە، ئاستا كۆتۈردى، تاپانچىنىڭ مۇزدەك سوغۇقىنى ئۆز چېكىسىدە ھېس قىلدى. بارمىقى تەپكىدە، سەل كۈچىسىلا ھەممە ئاخىرلىشىدۇ ... ئۇ، تەپكىنى باستى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا دەھشەتلىك ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى.

ئۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا ئويغىنىپ كەتتى.

نېمىدېگەن بىمەنە چۈش، چۈش دېگەنزە...

ئۇ، ئۆز ئۆيىنىڭ تام - تورۇسلىرىغا، دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان زۇلمەت كېچە ئاسمىنىغا قارىدى. ۋۇجۇدىنى تېخىچە تاشتەك ئېغىر قورقۇنچ بېسىپ تۇراتتى. ئۇ، ئۆلۈمنى بولۇپمۇ مۇنداق ئۆلۈۋېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان. ئەمما بۈگۈن ئۇنى چۈشىدە بارلىق دەھشىتى بىلەن بېشىدىن كەچۈردى. شۇ قەدەر ئەيىنەن، شۇ قەدەر سۈرلۈك ... ھېلىقى ... ھېلىقى ئايال بىلەن ئۇچرىشىشنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن. گەرچە يېقىندىن بېرى ئۇنىڭغا بولغان قارىشى ئۆزگەرگەن، ھەتتا ئۇنىڭغا ئاز - تولا قىزىقىدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ. بىراق ئۇ، چۈشىدىكى ئاشۇ ھېسسىياتنى، ئۇنى قۇچاقلىغان چاغدىكى ۋۇجۇدىنىڭ شېرىن جۇغۇلدىشىنى خىيالىدىن نېرى قىلىشقا ئامالسىز. شۇنداق، بۇ چۈش ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە. بىراق، فروئىد چۈشنى «يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيىتى»، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشى

دېگەن. دېمەك، بىز ئۇنىڭ ماھىيىتىنىڭ
ئاشكارىلىنىشىمۇ؟ دېمەك، ئۇمۇ ئايدۇللادىن
ۋە باشقا كۆپ قىسىم ئەرلەردىن قىلچە
پەرقلەنمەيدىغان، ھەتتا ئۇلاردىن ئېشىپ
چۈشىدىغان شاللاق ئەر كىشى، پەقەتلا
بۇ شاللاقلىق بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئاشكارىلانمىغان،
دىققەت بىلەن يوشۇرۇنغان، خالاس. شۇنداق
ئىكەن، ئۇمۇ ئاشۇلاردەك خالىغىنىنى
قىلىپ، ئەركىن ـ ئازادە ياشىسا بولماسمۇ؟

كارىدوردا بىرىنىڭ ئاۋازى، ھاجەتخا-
نا سۈيىنىڭ شارقىرىشى ئاڭلاندى. شۇ
چاغدىلا ئۇ ئالللىقاچان تاڭ ئېتىپ كەتكەن-
لىكىنى سەزدى. دېرىزىدىن باش كۆز
ئاسمىنى، يوپۇرماقلىرىنى بىر قەۋەت
توپا باسقان قارىياغاچ شاخلىرى كۆرۈ-
نۈپ تۇراتتى.

يەنە بىر كۆز. تېخى تۇنۇگۈنلا باھار
كەلگەندەك قىلغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى
باھار تۇيغۇسى، باھار ئېلىپ كەلگەن
ھاياجان ھەم شادلىق تېخى يوقالماي
تۇرۇپ كۆزمۇ كېلىپ قالدى. قورۇدىكى
ئالمىلار غۇچچىدە چېچەكلەپ كەتكەن بىر
ئەتىگىنى ئۇ ئايالى بىلەن بالىلىرىنى
ئېلىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ كېلىشنى
كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەتە دەپ، ئۆگۈن
دەپ ئارمان ئارمان پېتى قالدى. ئەتە دەپ،
ئۆگۈن دەپ ئۇ ھاياتىدا يەنە قانچىلىغان
گۈزەل ئارزۇلىرىنى قۇربان قىلىۋەتمىدى؟
چۈشتەك قىسقا ھاياتتا تەبىئەت ئاتا قىلغان
بارلىق گۈزەل ھېسسىياتلارنى قەدىرلەش
كېرەك، ئادەم بۇ دۇنياغا قايتا كەلمەيدۇ...

ئۇ، بالىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى،
ئايالى ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى:
— بۈگۈن نېمە بولدىڭىز؟ چاي تەي-
يار بولۇپ قالغىچىلىكمۇ قوپمايسىزغۇ؟
— بېشىم قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ. بېرى
كېلىڭە، بېشىمنى تۇتۇپ قويۇڭ، — ئۇ
كۆڭلىدىكى چۈشىنىكسىز خىجىللىقنى يوقات-
ماقچى بولۇپ ئايالىغا يالۋۇرغاندەك قارىدى.
— ئوھوي، ئالدىراپ تۇرغاندا، —
دېدى ئۇ كولۇمسىرەپ ۋە يېقىنراق كېلىپ
قوشۇپ قويدى، — بالىلارنىڭ ئالدىدا
سەت ...

بۈگۈن داستىخان ئۈستىدە قىزى كۆزى-
گە بۆلەكچىلا ئوماق كۆرۈندى. ئۇ، قىزى-
نىڭ ئۆچىسىدىكى چەت ئەل مېلى ئىكەن-
لىكى چىقىپ تۇرغان ئېسىل كۆڭلەككە
ھەۋەس بىلەن قارىدى:
— كۆڭلىكىڭىز بەك چىرايلىقكەن قىزىم،
ئاپىڭىز ئېلىپ بەردىمۇ؟
— ياق، رەشىدە ھەدەم ئەكەپتۇ، چەت
ئەلدىن تۇغقانلىرى كەپتىكەن. تېخى
ئاپامغا ئەتلەس، پوپايكا، ئاكامغا شاھمات
ئەكەپتۇ. ھە راست، دادا، سىزگىمۇ بار،
شىلەپە بىلەن گالستۇك!

ئاغزى پىلموتتەك ئىتتىك قىزىنى تو-
سۇشقا ئامالسىز قالغان ئايالى سەل تەم-
تىرەپ ئېرىنىڭ كۆزىگە ئەنسىز تىكىلدى.

ئۇنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى، سۆز-
لىمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئېچىشىغا ئاغزىدى-
كى تامىقى ئۆپكىسىگە كېتىپ بىر ھازا يۆتەل-
دى. ئاخىرى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئايالىدىن:
— پۇلىنى بەردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— قاراڭ، مۇنداق گەپ، پۇل تەڭلىسەم،
ۋىيەي مەن سودىگەرچىلىك قىلغىلى كەل-
مىدىم، دەپ ئىللا ـ بىللا ئالغىلى ئۇنى-
مىدى. مەن ئەمدى ئويلىدىم ... ئاۋۇ
ئوغلىنىڭ يا قىزىنىڭ توينى قىلغاندا،
مەنمۇ مۇشۇ نەرسىلەرگە توغرىلاپ ...

ئۇنىڭ كېلى غىققىدە بولۇپ قالدى. قو-
رۇق چايدىن بىر ئوتلىدى ـ دە، ئورنى-
دىن تۇردى.

ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدا «TOYOTA»
ماركىلىق پىكاپنىڭ يېنىدا ئۇنى پارتكوم

شۇجىسى لاۋىياك بىلەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لاۋچېن كۈتۈپ تۇراتتى. ئابدۇللامۇ ياپونىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان مىنىبوسنىڭ ئىچىدە ئولتۇراتتى. ئۇ، شۇ چاغدىلا شياڭگاڭلىق مېھمانلارنى ۋە ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئىشىنى ئېسىگە ئالدى.

ئايروپىلان نېمە سەۋەبتىندۇر قەرەلىدىن ئىلگىرى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، مېھمانلار ئۇلارنى ئايروپىلان كۈتۈش ئۆيىدە ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇززەخالىق ۋە تەكەللۇپ سۆزلەردىن كېيىن قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بولۇپ ئۆتتى. ئۇ، ئۇمەك باشلىقى — ئېگىز بوي، ئاپئاق چاچلىرىنى كەينىگە تاراپ، ئالتۇن گىرۋەكلىك كۆزەينەك تاقىغان تۆرە سۇپەت كىشى ۋە ئۇنىڭ ياش، شەرەنداز ئايال كاتىپى بىلەن بىر پىكاپتا ئولتۇردى. ئايال كاتىپ ئۆز باشلىقىغا بولغان يېقىنچىلىقىنى قىلچە يوشۇرمايتتى. ئۇ، پىكاپنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتا باشلىقىغا چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆز تىلىدا بىر نېمىلەرنى چۈشەندۈرۈپ كەتتى. تۆرە سۇپەت كىشى ئەدەب يۈزىسىدىن، ئۆلچەملىك خەنزۇ تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەپ:

— مېنىڭ كاتىپىم بىز بۇياققا كېلىشتىن بۇرۇن شىنجاڭنى ئالاھىدە تەتقىق قىلغان. ئۇ ماڭا سىلەرنىڭ يۇرتىڭلار توغرىسىدا دەرس ئۆتتۈۋاتىدۇ، — دەپ قويدى.

— شۇنداقمۇ؟ بەك ياخشىغۇ! — دېدى ئۇمۇ ئەدەب يۈزىسىدىن ۋە كۆزىنى پىكاپ ئەينىكىدىن ئېلىپ قېچىپ سىرتقا قاراشقا باشلىدى. يول بويىدىكى بىنالار، دەل - دەرەخلەر، ئادەملەر ... پىكاپ دېرىزىسىدىن غىل - پال كۆرۈنەتتى - دە، ھەش - پەش دېگۈچە ئارقىدا — قايتىلانماس ئۆتمۈش ئېقىمى ئىچىدە غايىب بولاتتى. بۇ كۆرۈنۈش ھاياتنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ. ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يوقالغان نەرسىلەر. ھاياتنىڭ ھەر بىر مىنۇتىنى، ھازىرىنى چىڭ تۇتۇش، ھايات ئىنسانغا ئاتا قىلغان بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى قەدىرلەش كېرەك. ئۇنداقتا ماۋۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي گۈزەل نەرسە بارمۇ؟ ئۇنى مەستۇرەگە باغلاپ تۇرغان نەرسە زادى نېمە؟ ياكى ھاياتنىڭ ئۆزى ئىپلاسلىق - رەزىللىكمۇ؟

ئۇ نېمە ئۈچۈن نى - نى بىلىملىك، گۈزەل ئاياللارغا كۆز قىرىنى سېلىپ قويمايدىيۇ، نەدىكى بىر ساۋاتسىز ئائىلە ئايالىنىڭ پىراقىدا كۆيۈپ - پىشىپ يۈرىدۇ. ئۇ قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇنى ماۋۇ تۆرىگە ئوخشاش كەينىگە سېلىپ يۈرسۇنمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىشىپ يۈرسۇنمۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس، ئۇ، قەلبىدىكى ياۋا ئوتنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆچۈرۈشى، مەڭگۈ ئۆچۈرۈۋېتىشى كېرەك.

مېھمانلار شەھەر سىرتىدىكى كاتتا مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتى. كەچتە ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش شەرىپىگە ئاددىي زىياپەت تەييارلاندى. ئايال كاتىپ سەپەر ئۈستى كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، يەلكىلىرى ئوچۇق، بىر تۇتاملا كېلىدىغان بېلىنى سىقىپ تۇرىدىغان يەڭگىل كۆمۈشرەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇ، ساھىبخانلار بىلەن كەينى - كەينىدىن قەدەھ ئۇرۇشتۇردى. ئۆزى ئۈچۈنمۇ، باشلىقى ئۈچۈنمۇ ئىچتى. بىراق زادىلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن دادىللىق، پەم - پاراسەت ھەم تەربىيە كۆرگەنلىكمۇ؛ كاززاپلىق، ئاچكۆزلۈك ھەم شاللاقلىقمۇ چىقىپ تۇراتتى. ۋۇجۇدىغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن شۇنچە كۆپ قارىمۇ قارشى خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆزگىچە سىرلىقلىق ۋە تارتىملىق بەخش ئەتكەنىدى.

دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق بىر خىل ئوخشاشلىق بولامدۇ ياكى بۇ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىشمۇ، ئۇ،

ئايال كاتىپنىڭ قانداقتۇ بىر تەرىپىنى
مەستۇرەگە — ئاشۇ ساۋاتسىز، بىشەم، شال-
لاق، يەنە بىر يەرلىرى سۆيۈملۈك ئايال-
غا ئوخشاتتى. ئوخشمايدىغان يېرى، ئاۋۇ-
سى خۇددى ئېسىل قاچىلانغان چەت ئەل
مېلىغا ئوخشاش پەدەزلەنگەن، گۈزەللەشتۈ-
رۈلگەن؛ يەنە بىرسى بولسا، پەدەزلەنمىگەن،
ئەسلى ھالىتىدە ئىدى.
زىياپەتتىن كېيىن ئۇ ئۆيىگە ئەمەس،
ئىشخانىغا قايتتى. قاراڭغۇدا ئورۇندۇقىغا
چۆكۈپ ئولتۇرۇپ ھەر كۈندىكىدەك ئىشىك-
نىڭ ئېچىلىشىنى كۈتتى. ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدا مۆجىزە يۈز بەردى. ئىشىك ئېچى-
لىپ، مەستۇرە كىرىپ كەلدى، پۈتۈن دۇن-
يادىن پەرۋايى پەلەك ھالدا ناخشىسىنى
غىڭشىغىنىچە ...پەردىلەرنى ئاچماقچى بولۇپ
قولىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئالتۇنرەڭ ئۇششاق
تۈك باسقان، تولۇق بىلەكلىرى ئوچۇق
كۆرۈندى. ئەنە، يۇمران بويىنىدا ھالقا-
ھالقا بولۇپ تۇرغان چاچلىرى، چىپپىدە
كېلىدىغان كىيىملىرى سىرتىدىنمۇ ئېنىق
بىلىنىپ تۇرىدىغان بەدەن كېپتى...
ئۇ، ئىشخانىدىن چىقىپ پەسكە چۈشكەن-
دە، ئىشخانىدىكى بايىقى ھالىتى ئۆزىگە
تولىمۇ كۈلكىلىك بىلىندى. چوڭ دەرۋازا
تەرەپكە كېتىۋېتىپ بىر پەس ئىككىلەندى-
دە، قەدەملىرىنى توختىتىپ، يانغا — گۈللۈك-
كە بۇرۇلدى.
ھەر ئاخشىمى بۇ يەرنى قىزىتىدىغان
ئويۇنخۇمار ياشلار، تەيجىچۇەن ئوينايدى-
غان قېرىلار، بالا - چاقىلىرىنى ئەگەشتۈ-
رۈپ سالقىندايدىغان ئوتتۇرا ياشلىقلار
ئاللىقاچان تارقاپ كېتىشكەن، گۈللۈك
ۋە گۈللۈك ئەتراپىدىكى كىچىككىنە بوس-
تانلىق سۈتتەك ئاي نۇرىغا، ئارامبەخش
جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى. سېمونت كۆلچەك-
كە قويۇلۇۋاتقان سۇنىڭ يېنىك شىلدىرلى-
شى بىلەن گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى خۇد-
دى يەڭگىل مۇزىكىدەك ياكى ئەللەيي ناخ-
شىسىدەك بۇ جىمجىت ئايدىڭ كېچىگە
راھەتبەخش مەستخۇشلۇق بەخش ئەتكەنىدى.
ئۇ مۇشۇ پاك، ئارامبەخش مۇھىتتا ئويي-
پىكرىنى رەتكە سېلىپ، ھېسسىياتىنى تەڭ-
شىۋالماقچى، ناپاك ئارزۇ - ھەۋەسلەرنى
ئۆزىدىن يىراققا قوغلىۋەتمەكچى بولدى.
بىراق گۈللۈك ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك
تىنچ ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر نەچچە قەدەم
مېڭىشىغىلا كېچىنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىدىن
كېچىپ بۇ پىنھاندا مۇڭدىشىۋاتقان بىر
جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ يېنىدىلا چىقىپ
قالدى ۋە بىردىنلا ئاڭلانغان تونۇش ئاۋاز-
دىن ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئۇ،
ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە دىققەت بىلەن قاراپ،
كۆلنىڭ گىرۋىكىدە سەل سىڭايان ئولتۇر-
غان ئايالنى ۋە يەنە بىر ئەر كىشىنى كۆر-
دى. ياقىسى كەڭ ئېچىلغان ئاق كۆڭلەك
كەيگەن ئايال توڭۇۋاتقانىدەك قوللىرىنى
مەيدىسىگە قوۋۇشتۇرۇۋالغانىدى. ئەر كىشى
ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ تاماكا يۆگەۋاتاتتى.
— بولدى، مەستۇرەم، بولدى. ئاغزىڭىز-
غا بېقىپ، ئەتراپىڭىزغا قاراپراق سۆزلەڭ.
ماۋۇ دەل - دەرەخنىڭ قۇلىقى بار جۇمۇ.
مەن سىزگە راست گەپنى ئېيتسام، ئۇ سىز-
گە خېلى قىزىپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئۆت-
كەندە سىزنى مەندىن مۇشۇنداق بىر خىل
ئەلپازدا سۈرۈشتۈرۈپ كەتتىكى ... قىزىرىپ،
دۇدۇقلاپ ... پاھ، بەئەينى بىر ئىشقىۋاز
يىگىت دەڭا. كۈندەشلىكىم تۇتۇپ كەت-
مەسمۇ، تاس قالدىم ئېڭىكىگە سالغىلى!
— ۋىيەي، ماۋۇ ئابدۇللا ئاكامنى، ئۇن-
داق ياغاچ كېنىرالنى مەن سىزگە تەڭ قىلات-
تىممۇ! ئەركىشىدەكمۇ كۆرۈنمەيدۇ ئۇ ماڭا.
— ھە، ماقۇل. لېكىن، ۋاقتى كېلىپ
ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتكەندە... ئوردى-
دىكى بەزى ئىش - كۈش، گەپ- سۆزلەردىن
بىزنىمۇ خەۋەردار قىلىپ تۇرسىڭىزلا بولىدۇ.

— ئىشپىيونلۇق قىلىسەنلا دېسىڭىزچۇ! ھى - ھى - ھى، ما ئابدۇللا ئاكامنى! بىراق، مېنىڭ شەرتىم بار. مەنمۇ تازىلىق ئىشچىسى بولىۋەرمەسمەن. ئاۋۇ تارقىتىش بۆلۈمدىكى شياۋ جاڭمۇ ئىچكىرىدىن تۇنۇگۈن كەلگەن ساۋاتسىز ئايال ئىدى، ھازىر دېگەن كوجاڭ بولدى جۇمۇ، كۆزەينەكنى تاقاپ ئولتۇرىدىغان بولسا نەدىن كەلگەن زىيالىيكىن، دەپ قالىسىز.

........

نەقەدەر ئېسىل كۆرۈنۈش - ھە! مۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى پەقەت شېكسپىرنىڭ درامىلىرىدىنلا كۆرۈش مۇمكىن. بۇ كۆرۈنۈش خۇددى شىددەتلىك بوراندەك ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىنى بىر پەستىلا ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

ئۇ، ساق بىر ھەپتىگىچە ئۈن - تىنسىز غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىك قايىنىمىدا بوغۇلۇپ يۈردى. بۇ غەزەپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كۆپۈكتەك يوققا چىققان مۇھەببەتنىڭ ئەلىمى ۋە ھەسرىتىمۇ بار ئىدى.

«ياغاچ گېنرال ... ئەر كىشىدەكمۇ كۆرۈنمەيدۇ ماڭا...».

مەستۇرەنىڭ سۆزلىرى كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيتتى، ئۇنى ئازابلايتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى، ئىشتىھاسى، تۇرمۇش تەرتىپى بۇزۇلدى. يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى رەتلىكلىك ۋە جۇشقۇنلۇق نەلەرگىدۇر غايىب بولدى.

دېمەك، سەن باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ نەزەرىدە بىر ياغاچ گېنرال، قېتىپ يۈرۈيدىغان، ھېسسىياتسىز، ھەتتا ئەر كىشىگىمۇ ئوخشىمايدىغان... غەلىتە مەخلۇق، بۇ گەرچە مەستۇرەنىڭ قارىشى بولسىمۇ، بەرىبىر مەلۇم بىر خىل قاراشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇنداق دېيىشىدىمۇ مەلۇم ھەقىقەت بار. ئادەملەر ھەممە نەرسىنىڭ، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزلىرى خالىغاندەك بولۇشىنى، ئۆزلىرىگە ئوخشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىدۇ. دۇنيا چاكىنا ئادەملەر بىلەن تولغان. ياق، ئۇ ئۇلارغا ئوخشاپ قالماسلىقى كېرەك، زادى! مەستۇرە بىلەن ئابدۇللانىڭ يېرىم كېچىدە خۇددى جاھاننامە ئەينىكىدە نامايەن بولغاندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشى، ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلىشى — مەيلى ئۇ بىرەر ئىلاھنىڭ ئىشى بولسۇن، ياكى تاسادىپىيلىق بولسۇن، بۇ دۇنيادا ھەققانىيەتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىمامدۇ!

* * *

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمىدى، ئىدارىدا ئابدۇللا چۇجاڭ يۆتكىلىپ كېتىدىكەن، دەيدىغان مىش - مىش پاراڭلار تارقالدى. بۇ كۈنلەردە تەلئەت كەينى - كەينىدىن نوپۇزلۇق ئەربابلاردىن تېلېفون ئالغىلى تۇردى.

— ئاڭلىساق، ئابدۇللانى يۆتكىۋەتمەكچى بوپسىلەر، سىلەر ئىقتىدارلىق ئادەملەرنىڭ ئۇششاق - چۈششەك كەمچىلىكىگە ئېسىلىۋالساڭلار قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىسەڭلار بىز يۇقىرىغا يۆتكەپ ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىمىز جۇمۇ!

— يولداش تەلئەت، سىز رەھبەرلىك ئورنىغا چىققىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. ئابدۇللادەك پېشقەدەم تايانچىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا دىققەت قىلىڭ، گەپ-سۆز بولۇپ قالمىسۇن يەنە ...

— ھەي تەلئەت، سەن ئابدۇللانى قانداق قىلاي دەيسەن، ئۇنىڭدا نېمە ئۆچۈڭ بار؟ خەقنى كۈن ئالغىلى قوي جۇمۇ! بۇ دېگەن ئۆتنە ئالەم، بەك كۆرەڭلەپ كەتمە...

تېلېفونلار خىلمۇ خىل ئىدى، بەزىلىرى بۇيرۇق، تەھدىت ئاھاڭىدا، بەزىلىرى

مەسلىھەت ئاھاڭىدا. ئۇ ھەممىسىگە بىر خىل ۋەزمىن، سەۋرچان ئاھاڭىدا: «مۇنداق ئىش يوق، ياق، ئەزەلدىن مۇنداق ئۆيدە بولغىنىمىز يوق، خاتىرجەم بولۇڭ» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئابدۇللا قالدى. باشلىقلارنىڭ ئىشخانىسىنى تازىلايدىغان ئايال ئىدارە مېھمانخانىسىغا يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا مەمۇرىي باشقارمىدىكى لاۋچېننىڭ ئىچكىرىدىن ئاكىسىنى يوقلاپ كېلىپ تۇرۇپ قالغان بىر نەۋرە سىڭلىسى قويۇلدى. يۈرۈش-تۇرۇشىدىن ساددىلىقى، ياۋاشلىقى چىقىپ تۇرغان بۇ سەھرالىق چوكان خۇددى بۇرۇنقى قېرى ئايالدەك ئۈن-تىنسىز كىرەتتى، يەنە شۇنداق ئۈن-تىنسىز چىقىپ كېتەتتى. پەقەتلا ئۇنىڭدىن تېتىك، ئىشچان ئىدى.

قىش ئۆتۈپ باھار كەلدى. يەر-جاھان ئاستا-ئاستا يىللىشقا باشلىدى. كىشلەر قەلبىدىمۇ بىر يىللىقلىق، ھاياجان ئاقاتتى. بۇ يىللىقلىق، ھاياجان كىشىلەرنى قانداقتۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا، ئادەملەرنى ۋە ھاياتنى سۆيۈشكە، شۇنداقلا ھايات ۋە ئادەملەر تەرىپىدىن سۆيۈلۈشكە ئۈندەيتتى. ئاياللارنىڭ چۈشلىرى ھەرقاچانقىدەك شېرىن، ئۈيقۇلۇق كۆزلىرى ھەرقاچانقىدىنمۇ خۇمارلىق بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ جۇشقۇنلۇقى، قىزغىنلىقى يەنە ئەسلىگە كەلدى. ئۇ يەنە سەھەر تۇرىدىغان، رەتلىك-پاكىزە يۈرىدىغان بولدى. ئوخشىمايدىغان يېرى، پىيادە ياكى پىكاپتا كېتىۋېتىپ چىرايلىق قىز-چوكانلارغا سەپسالاتتى. كارىدوردا ئۇچرىشىپ قالغان ئاياللارغا كۈلۈمسىرەپ سالام قىلاتتى، بەزىلىرىگە چاقچاقمۇ قىلىپ قوياتتى. ئۇ، ئاياللارغا دىققەت قىلغانچە ئۇلارنىڭ ئاجايىپ بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قەلبىدە ئۆتەتتەك بىر ئىنتىلىش سېزەتتى. بىر قېتىم ئۇ يېڭىدىن كەلگەن چىرايلىق بىر چوكانغا قىزىقىپ قېلىپ، باشقا بىر ئىشنى باھانە قىلىپ، كادىرلار بۆلۈمىدىن ئۇنىڭ ئارخىپىنى ئەپچىقتۇردى. بىراق ئايالنىڭ ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆڭلىدە بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ بەزىدە مەستۇرەنى ئۇچرىتىپمۇ قالاتتى. ئۇ، پىكاپتا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا قانداقلارچە مەپتۇن بولۇپ قالغىنىغا ھەيران بولاتتى. بىراق، نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ ئايال ئۇنىڭ قەلبىدە ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن بىر خىل ھېسسىيات ئويغاتقان، ئۇنى ئۆزىگىمۇ سەزدۈرمەي ئۆزگەرتكەنىدى.

ئاپرېل ئايلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆيىگە كەچ قايتىپ كەلدى. ئايالى ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. قىزارغان، ئەندىشىلىك كۆزلىرى، سۇنغان كىرپىكلىرى ئۇنىڭ بايىلا قانغىچە يىغلاپ ئالغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. ئۇ، ئۆيدە ئالاھىدە بىر ۋەقەنىڭ يۈز بەرگىنىنى ئۇقتى. ئۇ، ئۇزۇن يىللىق قەدىنىسىنىڭ ھەر بىر بېقىشىدىن، بەدىنىنىڭ ھالىتى، قوللىرىنىڭ مىدىرلاشلىرىدىن ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىنى سېزىۋالالايتتى. ئۇنىڭ بىردىنلا ئايالىغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە مېھرىبانلىق قىلغۇسى، سىيلاپ-سىپىلىغۇسى كەلدى. قانچە ۋاقىتلار بولدى-ھە، ئۇنىڭغا تۈزۈكرەك قاراپ باقمىغىلى، ئىلگىرىكىدەك چىن كۆڭۈلدىن مۇڭدىشىپ باقمىغىلى.

— بىرەر ئىش بولدىمۇ، يىغلاپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

ئايالى بېرىپ ئىشىكنى ياپتى. ئۇنىڭ قولىدىن يىلىك پەلتوسى بىلەن شىلەپىسىنى ئېلىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويۇپ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھېلىلا رەشىدە كېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ... گۈلەندەم ئېغىر ئاياق بولۇپ قاپتۇ ...

ئۇنىڭ ئاۋازى يەرنىڭ تېگىدىن ياكى

دېرىزىنىڭ ئارقىسىدىن ئاڭلانغاندەك قىلدى. بۇ گەپنى راستىنلا ئاڭلىغىنىغا ئىشەنمەي يېنىشلاپ سورىدى:

— نېمە؟ نېمە بوپتۇ؟

— ئېيتتىمغۇ، گۈلەندەم ئىككىقات بولۇپ قاپتۇ.

ئۇ بىردىنلا ھەممىنى چۈشىنىپ كارىۋاتتا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. دېمەك، بۇ ئۇنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ «تۆھپىسى» ئىدى. بۇ چوڭ ئىش ئالدىدا ئۇ ھەممە ئەرلەرگە ئوخشاش گاڭگىراپ قالدى.

— بۇ ... بۇ بەچچىغەرنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ، ئۇ تېخى ئوقۇش پۈتتۈرمىگەن تۇرسا!

— شۇنى دېمەمسىز. بىراق بولغۇلۇق بوپتۇ. بايا رەشىدە ئىككىمىز سەلىمەتلەشتۇق. قىزغا چاي ئىچۈرۈپ باللارنىڭ بېشىنى باغلاپ قويايلى دەۋاتىمىز، باللىنى ... ئىست، بىر جانغا بىكاردىن بىكار زامىن بولىدىغان بولدۇقتە ...

ئۇ، ئوغلىنى بۇ قەدەر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدۇ دەپ زادى ئويلىمىغانىدى. بىر تۇرۇپ ئوغلىغا ئاچچىقى كەلسە، بىر تۇرۇپ باللارنى مۇنچىۋالا يېقىنلاشتۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك ئىدى، دەپ رەشىدەگىمۇ ئاچچىقى كېلەتتى.

كېچىسى ئۇ، ئايالىنىڭ مېۋە پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان يۇمشاق چاچلىرىنى مېھرى بىلەن سىلاپ يېتىپ، بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئايالنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ ھاياتى شەكلىدىن مەزمۇنىغىچە بىر - بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان. ئۇنى ئەنە شۇنداق مۇستەھكەم بىرلەشتۈرۈۋەتكەن نەرسە باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاپىرىدە بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن پەرزەنتلىرى، ئاشۇلارنىڭ غېمى، تەسەللىسى، قايغۇسى ۋە خۇشاللىقى. بىراق مۇھەببەتچۇ؟ ئۇ ئىلگىرى خوتۇنىغا بولغان ھاياجانسىز، تىنچ جىسمانىي تەلپىنى، ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقى ۋە ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى مۇھەببەت دەپ بىلەتتى، ئۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنەتتى. بىراق، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى قاراش، ئەقىدىلىرى تەۋرەپ قالدى. ئۇ، ئىنسان ھېسسىياتىنىڭ نەقەدەر ئۆزگىرىشچان ۋە موللىقىنى ئاز -تولا كۆرۈپ يەتكىنىدە، مەلۇم مەنىدىن ئۆزىنىڭ بېھىشتىكى چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ سالغان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ بەلكىم ئەسلىگە قايتىش ياكى ئەسلى ماھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى بولسا كېرەك. بەلكىم ئانىسىغا بولغان نەپرەت ئۇنىڭ تەبىئىيتىنى تىزگىنلەپ، ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ تۇرغان بولسا كېرەك. ئەنە، ئوغلى ھېچقانداق نىقابسىز، ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقتى، تومۇرىدا ئېقىۋاتقان قانىنىڭ كىمنىڭ قېنى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىدى...

ئۇنىڭ ئايالىچۇ...؟ ئۇ راستىنلا ئۆزىنىڭ تەساۋۋۇرىدىكىدەك ساداقەتمەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ مۇھەببىتى خۇددى توختام سۇغا، كۆل سۈيىگە ئوخشايدۇ، دولقۇنسىز، تىپ - تىنچ. ئۆيدە مېڭىپ يۈرۈشلىرى، ئىش - ھەرىكىتى، تاماق يېيىشى، ئاخشىمى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشلىرىغا قەدەر شۇ قەدەر ھارغىن، قىزغىنلىقسىز، ھاياجانسىز. ئىلگىرى ئۇ مۇنداق ئەمەس ئىدى، شوخ، ئوتتەك قىزغىن ئىدى. بۇ قىزغىنلىق يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ خۇددى ئىچىدىن يېنىپ تۈگەۋاتقان چوغدەك ئاستا - ئاستا يوقاپ كەتتى. قاچانلاردىن تارتىپكىن، ئۇ مېھرىبان بىلەن بىللە ياتىدىغان بولىۋالدى. ئۇ مۇشۇ تۇرمۇشىغا، سۇدەك ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىگە رازىمىكىن؟ ياكى ئۇنىڭ قىزغىنلىقى باشقا ئوبيېكتقا مەنسۇپ بولۇپ كەتتىمىكىن؟

ئۇخلىغاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ، جىممىدە تۈگۈلۈپ ياتقان ئايالى بىردىنلا بېشىنى كۆتۈردى:

— راست، مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. ئابلىزنىڭ ئىشىنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىشىۋېتىڭ. ئۇلار بىلەن قۇدا بولىدىغان بولدۇق. خەقلەر تەلئەت جۇيجاڭنىڭ قۇدىسى شۇنچىلىكمىكەن، دېيىشىپ قالمىسۇن، يەنە!

— كېيىنكىنى قارا سېنىڭ! مېنىڭچە بولسا دېھقاننىڭ، كاۋاپچىنىڭ قىزى بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مانا مەن تۇل خوتۇننىڭ بالىسى ئىدىم، سەن مېنى ياراتقانتىڭغۇ؟

ئۇشتۇمتۇت قوزغالغان ھاياجان تۈپەيلىدىن ئۇ ئايالىغا ئانىسى توغرىسىدىكى ھەممە گەپنى ئېيتىۋەتكىلى تاس قالدى. بىراق ئېيتمىدى. كېيىن ئۇ شۇ چاغدا ئاغزى بوشلۇق قىلىپ قويمىغانلىقىدىن خۇرسەن بولدى.

يەكشەنبە كۈنى مېھمانخانا چاي ئاپىرىدىغان خوتۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ قىيا - چىيالىرى بىلەن تولدى. ئۇلار مۇشۇ قورۇدىكى توي - تۆكۈن، ئادىمەتچىلىكلەرنىڭ، شۇنداقلا غەيۋەت - شىكايەت، قۇۋلۇق - شۇملۇقلارنىڭ بېشى، يادروسى. ئۇلار بىر - بىرىگە تىلىدىن ھەسەل تامدۇرۇپ يېڭىدە پىچاق ساقلايدۇ. ھەرقانداق كىشىنى ئالدىدا ماختاپ كۆككە ئۇچۇرالايدۇ، ئارقىسىغا ئۆتۈپلا غاجاپ يەر بىلەن يەكسەن قىلىۋېتەلەيدۇ. رەنانىڭ مېھمانخانىسىدا ئۇلار ئەزەلدىن مۇنداق ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرالمىغانىدى. بۈگۈندىن تارتىپ ئەھۋال ئۆزگەردى. تاكى چوڭ چاي، توي، تويدىن كېيىنكى تۈگىمەس رەسمىيەتلەر ئاياغلاشقىچە بۇ مېھمانخانىدىن ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ داستىخىنى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇنى توسىغىلى ياكى بۇنىڭدىن قۇتۇلغىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ ئۆرپ - ئادەت، ئۇيغۇرلارنىڭ قاچانلاردىن تارتىپتۇ شەكىللەنگەن ئۆرپ - ئادەتلىرى. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي چارە يوق. بۇ خىلمۇخىل ئاياللارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغىنى خىلمۇ خىل ئەرلەر، بالا - چاقىغا، زىددىيەتكە، ئارزۇ - ھەۋەسكە تولغان مۇرەككەپ ئائىلىلەر. ئۇلار — ئاشۇ ئاياللار ۋە ئەرلەر ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەتلەمدۇ، ياخشى كۆرەمدۇ؟ ئەسلا ئۇنداق ئەمەس. بۈگۈنكى جۇڭگو كىشىلىرىنىڭ ئەمەلدارغا بولغان ھېسسىياتى ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئۇمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

ئۇ بالكون ئەينىكىدىن ئاياللارنىڭ قورشاۋىدا ئابدۇللانىڭ ھاكاۋۇر ئايالى بىلەن قولتۇقلىشىپ كېتىۋاتقان رەناغا قاراپ تۇرغىنىدا ئاشۇ ئاياللارنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى، رەشىدەنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى، مەستۈرەنىڭمۇ غەلىبە قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. كىم بىلىدۇ، ئابدۇللامۇ غەلىبە قىلامدۇ تېخى!

قىزى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا بۈگۈنمۇ رەشىدە سوۋغا قىلغان چەت ئەل كوڭلىكى بار ئىدى. بۇ كۆڭلەك ئۇنىڭغا بەك يارىشاتتى. ئۇ مۇشۇ كۆڭلەكنى كۆرگەندىن كېيىنلا كىيىم دېگەننىڭ ئادەمنى نەقەدەر ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. دېمەك مەۋجۇدىيەت بەربىر ماھىيەتنى ئۆزگەرتىدۇ. بۇ قانۇنىيەت. ئەجەبا، ئۇ، بۇ قانۇنىيەتتىن قۇتۇلۇپ قالالارمۇ؟

ئالا - يېشىل ئاياللار توپى ئاپئاق ئالما چېچەكلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ دوقمۇشتا ساقلاپ تۇرغان، ئىمپورت قىلغان مىنبۇسنىڭ ئالدىدا توختاشتى. ھەممىدىن بۇرۇن ئابدۇللانىڭ ئايالى رەنانى يۆلەپ ماشىنىغا چىقاردى، ئارقىدىن ئۇ ۋە قالغان ئاياللار چىقىشتى. مىنبۇس ئورنىدىن قوزغىلىپ ھەش - پەش دېگۈچە غايىب بولدى.

ئۇنىڭدا ئايالى بىردىنلا ئۆزىدىن يىراقلىشىپ كەتكەندەك ياكى مۇشۇ كەتكەنچە ناھايىتى ئۇزاقتا قايتىپ كېلىدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى.

قىزى ئۇنى قولتۇقلىۋالدى.

— جۈرۈڭە دادا، چەت ئەلنىڭ يېڭى كىنوسىنى قويۇۋاتىدۇ. سىز ياقتۇرىدىغان سوقۇش كىنولىرىدىنكەن ...

ئۇ قىزىغا ئەگەشتى.

ئەر كىشى دېگەن شۇنداق نەرسە. ئۇ ھەر قاچان بىر جۈپ يىللىق قولغا موھتاج.



# نېمىشقا «قەشقەر سەنمى»دىن ھالقىيالمايمىز؟



**كۈرەش رەجەپ**

— «ئالتۇن دەۋر ئالدىمىزدا، ھەرگىز ئارقىمىزدا ئەمەس.»

— شىمىس

مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ قويۇقلۇقى، قىزغىن ۋە جانلىقلىقى، كۆپ ئۆزگىرىشكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن داڭ چىقارغان «قەشقەر سەنمى» 1955 - يىلى خەلق ناخشا - ئۇسسۇللىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، تاھازىرغىچە ھەرقايسى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئاساسلىق نومۇرى بولۇپ كەلمەكتە. شىنجاڭنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلچىلىقى ھېلىمۇ «قەشقەر سەنمى» خىلىدىكى نومۇرلارنى ئاساس قىلماقتا. مۇھەببەت - نەپرەت، ئۆرپ - ئادەتنى ئىپادىلەيدىغان ھېس - تۇيغۇلار يەنىلا «قەشقەر سەنمى» ئۇسلۇبىنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. دەرۋەقە، كلاسسىك سەنئەت مىراسلىرىنى، خەلق



ناخشا-ئۇسسۇللىرىنى ھەممىمىز ئەتىۋارلايمىز ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىمىز، بۇ بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشمۇ، مىللىي سەنئىتىمىزنى بالداقمۇ بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈشمۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز. ئەمما ئىنسانىيەت 2000 - يىللىققا قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغاندىمۇ ناخشا - ئۇسسۇلچىلىقىمىز يەنىلا «قەشقەر سەنىمى» ئۇسلۇبىدىن ھالقىيالمايۋاتىدۇ. نۇرغۇن سەنئەت ئەسەرلىرىدە خەلقىمىز شۇ قەدەر ئاددىي قىلىپ كۆرسىتىلىۋاتىدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ «سەنەم» لەر ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىمۇ، ياكى مۇشۇ خىل شەكىل بىزنىڭ ئىجادىيەت مېتودىمىزمۇ؟ ۋە ياكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پسىخىكىسى شۇنچىلىك ئاددىيمۇ؟ خەلقىمىز ئەزەلدىن ئويناپ - كۈلۈپلا يۈرگەنمۇ؟ خەلقىمىزنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى، ئۈمىد - ئارزۇلىرى شۇنچە ئاددىي، قۇرۇق، تېيىز ھەم تارمۇ؟ بۇ، سەنئەتكارلىرىمىز ۋە ئىجادىيەتچىلىرىمىزنىڭ ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشىغا تېگىشلىك مەسىلە. سەنئەتكارلار، سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغىنىمىزدا خەلقىمىزنى ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى پسىخىك ھالىتىنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەنلىكىمىزنى، ئىجادىيەت ئېڭىمىزنىڭ ئاجىز، بىلىمىمىزنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى، ھەر تەرەپتىن تەربىيىلىنىشىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلماي، سەنئەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ يەنىلا خەلق ناخشا - ئۇسسۇللىرى ۋە مەشرەپلىرى باسقۇچىدىن كۆتۈرۈلەلمەيۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز.

بىز مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. ۋارىسلىق قىلىشتىكى مەقسەت تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېڭىلاش، نۇرلاندۇرۇش. شۇڭا مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان پسىخىك ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان ھازىرقى زامان ناخشا - ئۇسسۇلچىلىقىمىزنى نوقۇل ھالدا خەلق ناخشا - ئۇسسۇلىنى كۆرگەزمە قىلىش بىلەنلا بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ.

سەنئەتتە يېڭىلىق يارىتىش ۋارىسلىق قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ، لېكىن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ماھىيىتى ئىجادىيەت، ھەر قانداق يېڭى شەيئى ۋە ھادىسىلەر شۇ دەۋردىكى يېڭى ئىجادىيەت، يېڭى كەشپىياتتىن كېلىدۇ. ئىجادىيەت دېگىنىمىز ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان، كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەردۇر.

دوراش، تەكرارلاش، ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىش بېكىنمىچىلىكنىڭ ئالامىتى، تەرەققىي قىلىش، ئالغا ئىلگىرىلەش روھى كەمچىل ئىكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، بۇنداق ئىدىيىلەر مۇقەررەر ھالدا ئىجادىيەتتە دوگمىچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەممىمىزگە ئايانكى، بېكىنمىچىلىك نۆۋەتتىكى ناخشا - ئۇسسۇل ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسىي ئامىل بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

1. مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا چەك ئېسىۋېلىش.

2. ھەقىقىي بۆسۈش روھىغا ئىگە، تەپەككۇر ۋە بىلىم دائىرىسى كەڭ ئىجادىيەت قوشۇنىمىزنىڭ بەرپا قىلىنمىغانلىقى، قۇرۇق پوچىلارنىڭ تۆرنى ئىگىلىۋالغانلىقى.

3. ئايرىم كىشىلەرنىڭ شەخسىي غەرەزنى ئاساس قىلىپ، پۈتكۈل سەنئىتىمىزنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلمايۋاتقانلىقى.

مىللىي ئالاھىدىلىك ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ. مىللەت مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ يىلتىزى قۇرۇمايدۇ، تۈگىمەيدۇ. بىر مىللەتنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى، مەدەنىيەت ئاساسى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئېتىقادى، پسىخىكىسى، پەلسەپە ۋە ئەخلاق قاراشلىرى، ئېستېتىك قاراشلىرى ئۆزئارا بىرلىشىپ، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. سەنئەت شۇ ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، جۈملىدىن ئۇسسۇل سەنئىتىمۇ مىللىي ئالاھىدىلىكنى ھەرىكەتچان ئوبراز ئارقىلىق تېخىمۇ ئەينەن ئىپادىلەيدۇ. مىللىي ئۇسسۇلىمىز قويۇق مىللىي پۇراق، مىللىي شەكىل، مىللىي روھ ۋە ھەرىكەت قائىدىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ، لېكىن، بۇ نەرسىلەر ئۆزگەرمەس نەرسىلەر ئەمەس. ھەر قانداق مىللەت تەرەققىيات جەريانىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە روناق تاپالايدۇ، كونا مەدەنىيەتنى ئىسلاھ قىلىپ، باي ھەم يېڭى مەدەنىيەتنى يارىتىدۇ. مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىيات ئىچىدىلا ھاياتىي كۈچىنى ساقلىيالايدۇ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغاندىلا، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي قىممىتىنى ئاشۇرالايدۇ.

مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە ھەر قانداق سەنئەت ئەسەرلىرى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، ئەڭ مۇھىمى، شۇ دەۋرنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئىپادىلىشى، شۇ دەۋردىكى شۇ مىللەتنىڭ روھىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى كېرەك. بىز ھازىر تەرەققىي قىلىۋاتىمىز (ھەممىمىز شۇنداق دەيمىز)، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر مىللىتىمىزنىڭ ئىدىئولوگىيىسىدە، ھېسسىياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلماقتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنى مىللىتىمىزنىڭ تۇرلۇك بېكىنمىچىلىكلىرىنى، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئۆزگەرتمەكتە، مۇشۇنداق شارائىتتا سەنئەتكارلار، سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى ئۆزگەرمەسەك، بىلمىمىزنى، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتمىسەك، ئىزدەنمىسەك بولامدۇ؟

ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي سەنئىتى ۋە مىللىي ئۇسسۇلىنى قىزغىن سۆيىدۇ، چۈنكى ئۇ روھىي ئوزۇق ۋە يۆلەنچۈك، يېڭىلىق ئىزدەشنىڭ ئەڭگۈشتەرى. ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتى — يېڭىلىققا ئىنتىلىش. سەنئەت — بىر مىللەتنىڭ روھىدىن تۈزۈلگەن دۇنيا، بىر دەۋردىكى مىللىي روھ سەنئەت ئارقىلىق يەنە بىر دەۋرگە كۆچىدۇ. مىللىي ئالاھىدىلىكمۇ شۇنداق. بۇنىڭدىنمۇ مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان، قاتمال نەرسە ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەقىقىي مىللىي روھ بىر مىللەتنىڭ چىراي شەكلى، يۈرۈش، تۇرۇش ئالاھىدىلىكى، قىياپەت خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلاردىلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن روھىي دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدا نامايان بولىدۇ. مىللىي سەنئىتىمىز مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەش ئاساسىدا راۋاجلىنىشى كېرەك. نۆۋەتتە بىز سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالمايۋاتىمىز، بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ بېقىشقا نىيەت قىلالمايۋاتىمىز. يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئوبرازىمىزنى ئۈنۈملۈك ئەكس ئەتتۈرەلمەيۋاتىمىز. ئوبرازلارنىڭ ئىدىيىسىنى، روھىي دۇنياسىنى بۇرۇنقىدىنمۇ چوڭقۇر قېزىش، باشقىلارنىڭ ئەسىرىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئوبراز ۋە ھېسسىياتلارنى يارىتىش، تەكرارلىماسلىق، ئىجادىيلىققا ئەھمىيەت بېرىش مىللىي سەنئىتىمىز، ئۇسسۇلچىلىقىمىزنىڭ جان تومۇرى. بارلىق سەنئەت شەكىللىرى ئۆتمۈشنى، ھازىرنى ۋە كېلەچەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى شەيئى، ھادىسىلەرنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسى، ھەتتا تەبىئەت دۇنياسىمۇ ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرغانىكەن، سەنئەتمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. شۇڭا مىللىي ئالاھىدىلىكىمىزنى يېڭى قان بىلەن داۋاملىق بېيىتىپ، يېڭى ۋە ئۆزىمىزگە خاس بولغان سەنئەت ئىجادىيىتى ئۇسلۇبىنى يارىتىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك. يېڭى - يېڭى بىخلار ئۆسۈپ چىقىپ، سەنئەت شاخلىرىنى باراقسانلاشتۇرىدۇ، گۈزەللەشتۈرىدۇ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن يىلتىز قۇرۇپ كەتمەيدۇ، شۇڭا مىللىي ئالاھىدىلىك يوقىلىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەش ھاجەتسىز.

ئۇسسۇل ئىجادىيىتىمىزنىڭ «سەنەم» شەكلىدىن تېخىچە قۇتۇلالماسلىقىدا يۇقىرىدىكى سەۋەبلەردىن باشقا تۆۋەندىكى سەۋەبلەرمۇ بار: ھورۇنلۇق، كونا دەسمايىنى يەپ يېتىۋېرىش، كىچىككىنە بىر نەرسە ئۆگىنىۋېلىپلا مەغرۇرلىنىپ كېتىش، ئازراق تەجرىبىگە ئىگە بولۇپلا قانائەتلىنىپ قېلىش. سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى مول تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ، ئۈمىدۋارلىققا تولغان يەنە بىر تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىدۇ، بۇنىڭدا پۈتۈنلەي ئىجادچانلىققا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. سەنئەت ئەسىرىنىڭ يۈزە، تېيىز بولۇشى ئىجادىيەتچىنىڭ تەربىيىلىنىشى، تالانتى، بىلىم دائىرىسى قاتارلىق ئامىللارغا باغلىق بولۇپلا قالماي، تەجرىبىگىمۇ باغلىق. تەجرىبە تەھلىل - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق چىقىرىلغان يەكۈن، ئۇ ئەمەلىيەتتە سىنىلىش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق سەنئەت ھەقىقەتكە ئايلانغاندىلا قۇدرەت تاپىدۇ.

ھازىر مىللىي ئۇسسۇللىرىمىزنىڭ ئىدىيىۋىلىكىگە دىققەت قىلمايۋاتىمىز. ئىجادىيەتچىلىرىمىزنىڭ كاللىسىدا ئەسەرنىڭ مەقسىتى، مەركىزىي ئىدىيىسى ئېنىق بولمايۋاتىدۇ. ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى ھەر بىر ئەسەرگە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ھەر بىر ئۇسسۇل ئەسىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى، ھازىرقى ئەمەلىيىتىنى ۋە كەلگۈسىنى گىرەلەشتۈرگەن ئاساستا ئىپادىلىگەندىلا، ئىجادىي ئەسەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلەيدۇ. ھازىر بىر مۇنچە ئۇسسۇللىرىمىز خىلمۇخىل ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، بەزى ئۇسسۇللارنىڭ نېمىنى ئىپادىلىمەكچى بولغانلىقىنى بىلىش تەس. ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى دەۋر رېئاللىقىدىن يېڭى، پارلاق ھۈجەيرىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى ئىجادىي پىششىقلاپ ئىشلەپ، مىللەتنىڭ ھەقىقىي روھىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىشى، تەپەككۇردىكى بىر خىللىقنى كۆپ خىللىققا، بىر تەرەپلىمىلىكنى كۆپ تەرەپلىمىلىككە ۋە كۆپ قاتلاملىققا ئۆزگەرتىشكە تىرىشىشى، دادىل تەسەۋۋۇر قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك.

يەنە بىر مەسىلە شۇكى، سەنئەت سېپىمىزگە سەنئەتتىن خەۋىرى يوق، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بەزى كىشىلەر قوشۇلۇپ قالدى، ئۇلار سەنئەت ئىشلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ چىقارماستىن، قانداقتۇر شەخسىي غەرەز بىلەن سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش كويىدا بولۇپ، سەنئەت سېپىمىزنىڭ كەسپىي ئەخلاقىغا ۋە تەرەققىياتىغا يامان تەسىر كۆرسەتمەكتە، ئىجادىيەتچىلىرىمىزنىڭ قىزغىنلىقىغا، ئاكتىپلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەكتە. ئۇلار ھە دېسە پو ئاتىدىغان، «خەتمە قۇرئان قىلالىغىنى بىلەن مەنىسىنى بىلمەيدىغان قارىي» لار بولسىمۇ، تۈرلۈك سورۇنلاردا تۆرنى ئىگىلەپ، ئۇياق - بۇياقتىن تېرىشتۇرۇپ، تايىنى يوق نەرسىلەرنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، كەسپىتىن خەۋىرى

يوق ساددا كىشىلەرنى ئالداپ نام - ئاتاققا ئېرىشىۋاتىدۇ. بىر قىسىم سەنئەت ئورگانلىرىدىكى بەزى رەھبىري كادىرلار قانداق قىلغاندا سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرگىلى، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ؟ مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ ئەتىسى قانداق بولۇشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىپ يەنە بىر بالداق ئۆسۈش مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرماقتا. مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ جان كۆيەر غەمگۈزارى بولمىسا، ئۇ پەرۋىشسىز قىلىپ نابۇت بولۇپ كەتسە مەيلىمۇ؟

يۇقىرىقىدەك ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھازىر بىر مۇنچە سەنئەت ئۆمەكلىرى، ھەتتا داڭلىق چوڭ - چوڭ سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ خەلقتىن ئايرىلىپ قالدى. بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇنىنى ھېچكىم كۆرمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇ، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»دىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئەمەسمۇ؟

سەنئەت ئۆمەكلىرى، كەسپىي خادىملار، ئىجادىيەتچىلەر، تەشكىللىگۈچىلەر، رەھبەرلەر بۇ ئەھۋاللارغا ئورتاق كۆڭۈل بۆلگەن، ھەركىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تونۇپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا، مىللىي سەنئىتىمىزنى توغرا يولغا سېلىپ راۋاجلاندۇرالايمىز، ھەممىمىز جان پىدالىق بىلەن تىرىشىپ تۆھپە قوشقاندىلا، سەنئىتىمىزنىڭ يېڭى باھارىنى كۈتۈۋالالايمىز.

---

(بېشى 78 - بەتتە)

مېنى بەكرەك كۆرسىلە تونۇيلا. (كۆزەينەكنى ئېلىۋېتىپ ئاكىسىغا يېقىن كېلىدۇ. ھەممەت ھاجى ئىنىسىنى تونۇپ، چەكچىيىپ، لاغىلداپ تىترەپ كېتىدۇ.)

**ھەممەت ھاجى:** سەن... سەن مۇناپىق تېخى ئۆلمىدىڭمۇ؟

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** ھا - ھا - ھا. سېنىڭ مۇشۇ سىرتماقتا ئېسىلغان كۈنۈڭنى كۆرمەي، دەپ تېخى ئۆلمىدىم.

(ھويلىغا تۇيۇقسىز بىر توپ ساقچى باستۇرۇپ كىرىپ قورشىۋالىدۇ.)


**ساقچى:** قىمىرلىما! (بىر ساقچى بېرىپ ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ يېنىدىن پىچاق بىلەن تاپانچا ئالىدۇ)

**ساقچى:** ئابدۇرېھىم ھاجى، سەن بەش يىلدىن بېرى زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىدىڭ. (ساقچىلار ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ ماڭىدۇ. ھەممەت ھاجى قاقاقلاپ كۈلىدۇ)


**ھەممەت ھاجى:** ھا - ھا - ھا. سېنىڭ سىرتمىقىڭ مېنىڭكىدىن قاملاشتى. ھا - ھا - ھا.

(پەردە چۈشىدۇ.)

1992 - يىل 10 ئىيۇل، قەشقەر





(دراما)

ۋەختەم ئۆمەر

سابىر ھاجىم: 70 ياش، باي زەرگەر

ھىممەت ھاجى: 35 ياش، سودىگەر، سابىر ھاجىمنىڭ ئوغلى

شاراپەت خېنىم: 30 ياش، ھىممەت ھاجىنىڭ ئايالى

سەنەۋەر خېنىم: 14 ياش، ھىممەت ھاجىنىڭ قىزى

قەييۇم ھاجىم: 12 ياش، ھىممەت ھاجىنىڭ ئوغلى

ئابدۇرېھىم ھاجى: 27 ياش، ھىممەت ھاجىنىڭ ئىنىسى



ئايشەم خېنىم: 24 ياش، ئابدۇرېھىم هاجىنىڭ ئايالى
شەۋكەت: 6 ياش، ئابدۇرېھىم هاجىنىڭ ئوغلى
ئابدۇكېرىم هاجى: 33 ياش، سابىر هاجىمنىڭ ئوغلى، ئوقۇتقۇچى
رەشىدە: 29 ياش، ئابدۇكېرىم هاجىنىڭ ئايالى، ئوقۇتقۇچى
قىمارۋاز، مەست، ساقچى ۋە باشقىلار

## پەردە ئالدىدىكى كۆرۈنۈش

(چۈمبەل ئارتقان شاراپەتخېنىم سەنەۋەر خېنىم بىلەن قەييۇم هاجىمنى ئەگەشتۈرۋالغان. قەييۇم هاجىم بوينىدىن سۆرگەندەك تەستە ماڭىدۇ.)

قەييۇم هاجىم: ئاپا، پۇتبول تۈگەشكە يەنە يىگىرمە مىنۇت قالدى. كۆرۈۋېلىپ بارسىمۇ هاجىم دادامدىن بۇرۇن بېرىپ بولىمەن .

شاراپەت خېنىم: ئوهۇش، پۇتبوللىرىنى قويسىلا. هە دېسە پۇتبول، پۇتبول. نەدىن چىقتى بۇ ئالا - پاساق بىر نېمە. نومۇس قىلماي هەر پايپاق ساقال، ئايپاڭ باش ئادەملەرمۇ ئوينايدىكەن، خۇددى كىچىك بالىدەك. ئۇ بىر نېمىنى كۆرۈۋەرمە. بولمىسا سەنمۇ ئاشۇ ئوغرى مۈشۈككە ئوخشايدىغان ۋالدىر كۆز، مايمۇن يۈز ئادەملەردەك قېرىغاندىمۇ ئىشتان كىيمەي، پۇتبول دەيدىغان ئالا يۇمىلاقنى قوغلاپ يۈرۈيدىغان ئادەم بولۇپ قالىسەن. ئاشۇ بىر نېمە بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى چاچراپ چىقىپ يا دەنىشنى① چېقىۋېتىدۇ، يا بولمىسا سېنىڭ بۇرنىڭنى مىجىۋېتىدۇ (شاراپەتخېنىم چۈمبىلىنى يېرىم ئېچىۋېتىپ ئىككى بالىنى توختىتىۋېلىپ سۆزلەيدۇ). ئىككىڭلار مېنىڭ گېپىمنى ئوبدان ئاڭلاپ مەن دېگەن بويىچە قىلىڭلار.

سەنەۋەر خېنىم: (ئېگىكىدىن قوشۇپ چېگىلگەن ياغلىقتىن ئىچى سىقىلغاندەك گېلىنى تۇتۇپ) ئاپا، نەچچە ۋاقىتتىن ياغلىق سالاي دېسەم، سەنمۇ مەدەنىي يۈرۈيسەن، دەپ سالغىلى قويمايسەن. شۇڭا ياغلىق سالماي كۆنۈپ قاپتىكەنمەن. ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى، هېلىراق سالاي.

شاراپەتخېنىم: چىدا، بالام. هېلى هاجىم داداڭ بېشىڭغا رومال سالغىنىڭنى كۆرسە، نەۋرەم ئەمدى ئوبدان بالا بوپتۇ، دەپ هەرەمدىن ئېلىپ كەلگەن ئېسىل سوۋغاتنى ساڭا بېرىدۇ. ئېلىۋېلىپلا رومالنى تاشلايسەن.

قەييۇم هاجىم: ئىسسىقتا ماڭىمۇ چاپان كىيدۈرۈپ قويدۇڭ. چوڭ دادىمىز بولغاندىكىن بۇنداق ساختىپەزلىك قىلمىساقمۇ بولاتتىغۇ؟

شاراپەتخېنىم: (قەييۇم هاجىمغا چەكچىيىپ، شاپىلىقىنى تەڭلەيدۇ) ئاغزىڭنى يۇم، ئەخمەق. بۇ ساختىپەزلىك ئەمەس. چوڭ داداڭلار هەرەمدىن هاجىم بولۇپ ياندى. ئۇنى هەممىمىز هۆرمەتلەيمىز.

قەييۇم هاجىم: سەن دائىم چوڭ دادامنى ئىت يىلدىن ئېشەك يىلىغىچە ئۆلمىدى، دەپ تىللايسەنغۇ.

شاراپەت خېنىم: (ئالاق - جالاق بولۇپ ئەتراپقا قارايدۇ) مەن قاچان شۇنداق دېدىم، جۆيلىمە.

سەنەۋەر خېنىم: تېخى بايىلا، شەيتانىغا تاش ئاتىدىغان يەردە دەسسىلىپ ئۆلەرمىكىن، دېسەم يەنە ئۆلۈمدىن ئېشىپ كەپتۇ، دېدىڭغۇ.

شاراپەت خېنىم: (ئىككى بالىنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ سۆزلەيدۇ. بالىلار قۇلىقىنىڭ ئاغرىقىدا بوش ۋايجانلايدۇ) ئاڭلاش، هازىردىن باشلاپ قايسىڭ مەن ئۆگەتكەن گەپتىن

① تېلېۋىزور دېمەكچى.

ئارتۇق پۇچۇق، ئېغىز ئوشۇق سۆزلىسەك كۆرۈدىغان كۈنۈڭ بار. چوڭ دادالىق ئىشىڭتىن كىرىشى بىلەنلا، ۋاي، هاجىم دادا، سىلىنى بەك سېغىنىپ كەتتۇق، دەپ قۇچاقلاپ سۆيۈشىدۇ. يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ، نېمىسى بولسا شۇنى ئېلىپ چاپىنىڭلارنىڭ مەن قىلىپ بەرگەن ئىچ يانچۇقىغا سالىسىلەر (باللىرىنى تارتقۇشلاپ يانچۇقىنى كۆرسىتىدۇ). ئاڭلاشتىڭمۇ؟

**قەييۇم هاجىم:** يانچۇقىدا بىر نېمە بولمىسا قانداق قىلىمىز؟

**شاراپەت خېنىم:**(شۇئان ئوغلىنىڭ ئاغزىنى مۇتايىدۇ) بولىدۇ. بولماي ئانىسىنىڭ قېشىغا كېتەمتى.هۇ، جۇۋا ئېغىز (قەيىيۇم هاجىم دومسىيىپ مىشىلدايدۇ). سەن (سەنەۋەر خېنىمغا يۈزلىنىپ) چوڭ دادالىنىڭ قولىدا ئۆزۈڭ بولسا ئال، بولمىسا قول سومكىسىنى، ئاڭلىدىڭمۇ؟

**سەنەۋەر خېنىم:** ئاڭلىدىم.

**شاراپەت خېنىم:** هە، مېڭىڭلار. كۈلۈپ، ئوچۇق - يورۇق بولۇپ مېڭىڭلار.

(ئالدىراپ مېڭىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئايشەم خېنىم شەۋكەتنى يېتىلەپ ئالدىراپ كىرىپ كېلىدۇ).

**ئايشەم خېنىم:** ۋاي ئاچام، دەپ قويسام، مېنى گوللاپ. (دورايدۇ) ۋاي خان، هاجىم دادامنىڭ كېلىشىگە ئولگۇرۇپ بارىمىز، مەن سىلىنى تۇۋلايمەن دېسە، قاچان تۇۋلايدىكىن دەپ ئولتۇرۇپتىمەن. جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا ئىكەن - دە. قېنى، هەرەمدىن كەلگەن مالنىڭ ساڭا جىق هەم ئوبدىنى تەگكىنىنى بىر كۆرەي. شۇنداق بولۇپ قالىدىغان بولسا، چىچىڭدا ئىلانگۇچ ئۆچمىگىنىمنى كۆر (بالىسىنىڭ يېتىشىپ ماڭالماي، سۆرۈلۈپ سوكۇلدىغىنىغا قارىماي مېڭىپ چىقىپ كېتىدۇ. «پۇل» دېگەن ناخشا بېرىلىدۇ).

## 1 - پەردە 1 - كۆرۈنۈش

(ياز، كۈندۈز. سابىر هاجىمنىڭ هويلىسى. پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا گىلەم سېلىنغان. هويلىغا قارىغان دېرىزىلەرگە گۈللەر ئېچىلغان تەشتەكلەر تىزىلغان. پەردە ئېچىلىدۇ. رەشىدە ياغلىقىنى چىگىكلەپ تاڭغان، سۇپۇرگە، ئەخلەت چېلەكى كۆتۈرۈپ هارغىن هالدا ئۆيدىن چىقىدۇ).

**رەشىدە:** هاجىم دادام هەج تاۋاپ قىلغىلى كەتكەندىن بېرى، بۇ ئۆيىنى هەپتىدە بىر قېتىم سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ تۇرساممۇ، ئادەم ئولتۇرمىغاندىكىن يەنە توپا ئۆرلەپ تۇرىدىكەن. هاجىم دادام ھېرىپ - ئېچىپ كەلسە، رەھمەتلىك هاجى خېنىم ئانام بار چاغدىكىدەك چىرايلىق تۇرسۇن دەپ تۆت سائەت تازىلىق قىلسام، يەنە بىر خىل تۇرىدۇ، بۇ ئايۋان ساراي. (چىقىپ كېتىپ، سۇ چاچقۇچ كۆتۈرۈپ كىرىپ هويلىغا سۇ چاچىدۇ. شاراپەت خېنىم ئالدىرىغانلىقتىن چۆمبىلى بويىنىغا چۈشۈپ قالغان هالدا هاسىراپ - هۆمۈدەپ كىرىپ كېلىدۇ. ئارقىسىدىن سەنەۋەر خېنىم بىلەن قەيىيۇم هاجىم ئەگىشىپ كىرىدۇ. شاراپەت خېنىم رەشىدەنى كۆرۈپلا ئەرۋاھى ئۇچقان هالدا كۆزلىرىنى چەكچەيتىدۇ.)

**رەشىدە:** ۋاي، كېلىشىپلە خان ئاچا (سۇ چاچقۇچنى يەرگە قويۇپ، يۈز -قوللىرىنى سۈرتۈپ، ئالدىغا كېلىدۇ).

**شاراپەت خېنىم:** ۋاي، كەلدى. (بويىنىنى شاپتۇل قېقىپ دوراپ) هەنىم بولسا سەككىز ئاي ئون ئۈچ يېرىم كۈنلۈك چوككەنمەن. بولمىسىزە، هەممە ئادەمنىڭ چوڭ ئانىسى بولۇپ قالىدىكەنمەن. هېلىمۇ ئاچىسى بولۇۋېرىپ موماي بولۇپ قالاي دېدىم (رەشىدە چاندۇرماي كۈلۈپ تۇرۇپ كۆرۈشىدۇ. ئاندىن باللارغا يۈزلىنىدۇ).

**رەشىدە:** كېلىڭلار قوزىلىرىم (باللارنى

قوچاقلاپ سۆيۈپ، يانچۇقىدىن كەمپۈت ئېلىپ بېرىدۇ. شاراپەت خېنىم قاپاقلىرىنى سوزۇپ، بەللىرىنى تولغىغان ھالدا ئۆيلەرنى، ھويلا - ئاراملارنى ئارىلاپ چىقىدۇ. چىدىماستىن بويىنىنى ھاپتۇل قېقىپ سۆزلەيدۇ).

**شاراپەت خېنىم:** مىلك قىلمىسا ئوقۇغان ئادەم بەكمۇ ئۇستات كېلىدىكەن. نېمە ئوقۇيدىكىن دېسەم، ھىيلە - مىكىر، شاياتۇنلۇقنى ئۆگىنىدىغان گەپكەن. ھېچ ۋاقىتتا ئاياغ باسمايدىغان بۇ ئۆيگە بۈگۈن ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن بالدۇرلا كېلىپ سوۋغاتنىڭ يوغىنىغا ئىگە بولاي دېگەن گەپ.

**رەشىدە:** (باللارغا) قاراڭلار، مەن سىلەرنى شۇنداق سېغىندىم. ئەمما مەكتەپتە دەرسىنىڭ ئىشى جىددىي. سىلەر مېنى سېغىنمىدىڭلارمۇ؟

**سەنەۋەر خېنىم / قەييۇم ھاجىم:** سېغىندۇق. (ھەر ئىككىسى ئاپىسىغا قارايدۇ)

**شاراپەت خېنىم:** ئون يىل كۆرمىسىمۇ ھېلى كۆرگەندەك سېغىنىپ گەپلىرىنى قىلىدۇ. (غەيرىي سوزۇق ئاۋازدا) سىڭلىم... خۇدا كۆرسەتمىگەن پەرزەنتنى كۆرگەننىڭ نېمە پايدىسى.

**سەنەۋەر خېنىم:** رەشىدەم ئاپا، ئاپام ۋارقىراپ تۇرۇپ سىلىگە يامان گەپ قىلىۋاتىدۇ، نېمىشقا گەپ قىلمايلا. (رەشىدە كۈلۈپ سەنەۋەرنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ، بۇرنىنى يېنىك چىمداپ ئەركىلىتىدۇ.)

**قەييۇم ھاجىم:** ئاپا، مەن سىنى ئۇزاققا قالماي ئېلىشىپ قالمىغىدى، دەپ ئەنسىرەيمەن.

**شاراپەت خېنىم:** (چېچاڭشىپ قەييۇم ھاجىمغا ئېتىلىدۇ) ھۆ، شوم ئېغىز. زۇۋانىڭنى دارغا تارتىمسام.

**رەشىدە:** چېچىلمىسلا ئا ... ئۇزلىرىنى بېسىۋالسىلا. (قەييۇم ھاجىمغا قاراپ) كىچىك بالا دېگەن ئاپىسىغا ئوخشاق ئەدەپسىز گەپ قىلسا، ئەسكى ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

**شاراپەت خېنىم:** ئەسكىنىڭ بالىسى ئەسكى بولىدۇ، شۇنداق تازا. خۇدايىم ئوبدانلارغا ئوبدانلىقىدىن بالا يۈزى كۆرسەتمەيدۇ.

**رەشىدە:** كەلسىلە، چاي دەملەي. ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچىلى.

**شاراپەت خېنىم:** ھاجىم دادام ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىگىسى چىقتىمۇ دەيمەن. ۋاي ئانام، مەن تاش ساناپ بولغىچە، ئۇ، قۇم ساناپ بوپتۇ ئەمدى. (قوللىرىنى يېيىپ ھويلىنى پىرقىرايدۇ).

**رەشىدە:** (سائىتىگە قاراپ) ھاجىم دادامنىڭ كېلىشىگە يەنە بىرەر سائەت ۋاقىت بار ئىكەن، باللارنىڭ تاپشۇرۇقىنى تەكشۈرۈۋېتىپ، كېلىشىگە ئۈلگۈرۈپ كېلەي.

**شاراپەت خېنىم:** ياخشى ئىشنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، سۆيۈنچىنى ئالغىلى بىزنىڭ ھىممەت ھاجىمدىن بۇرۇن ئابدۇكېرىم ئاخۇن بېكەتكە بېرىپ بولغاندىكىن، خاتىرجەم كېتىۋېرىلا - دە.

**رەشىدە:** خۇداغا ئامانەت، ھېلى كۆرۈشەيلى قوزىلىرىم. (رەشىدە چىقىپ كېتىدۇ)

**سەنەۋەر خېنىم / قەييۇم ھاجىم:** خوش، رەشىدەم ئاپا (باللار چىدىماي ئۇزىتىدۇ).

**شاراپەت خېنىم:** كېلىشمە ما يەرگە. توغماس سېسىقنى ئۇزۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشمىسەڭمۇ بولىدۇ. يا شۇ قۇرۇق ئاياغقا بالا بولۇش.

**قەييۇم ھاجىم:** ئاپا، سەن نەدە تۇغۇلغان؟

**شاراپەت خېنىم:** نەدە تۇغۇلسام نېمە چاتىقىڭ. ھۆ، باغرىڭدىن چىققان دۈشمىنىم.

**قەييۇم ھاجىم:** كوت، كوت، كوت. (شۇنداق دەپ تېراكتورنىڭ ئاۋازىنى دوراپ سەھنىنى ئايلىنىپ يۈگرەيدۇ. ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چىرايىنى بىر خىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئاھاڭىنى دوراپ) ئاپا، سېنى سوپەك① زاۋۇتىدا تۇغۇلغانىكىن دەيمەن.

① قول تراكتورى.

**شاراپەت خېنىم:** هۇ، جوۋاينىمەك(غەزەپ
بىلەن قەييۇم هاجىمنى قوغلايدۇ. ئالدىراپ
كىرگەن ئايشەم خېنىم بىلەن ئۇسۇشۇپ
قېلىپ، هەر ئىككىسى ۋاي - ۋايلاپ پېشا-
نىسىنى تۇتىدۇ).

**ئايشەم خېنىم:** (بالىسىنى قويۇۋېتىپ،
پېشانىسىنى تۇتۇپ، تەئەددى بىلەن) تىنچ-
لىقمۇ خان ئاچا.

**شاراپەت خېنىم:** تىنچ تۇردىلىما (دوراپ)
خان سىڭلىم.

**ئايشەم خېنىم:** خان ئاچام هېلى قىچقى-
رىدۇ، دەپ ئولتۇرغان بولسامزە، ئۇجمە
تۈگمىگەندە كەلگەن سۇپياڭدەك قۇرۇق
شاختىن قۇرۇق شاخقا تەلمۈرۈپ يۈرۈپ،
سالتاڭ قالاركەنمەن. سىلى بولسىلا هەرە-
نىڭ ماللىرىدا داخۇر كالۋالىرىنى چىڭداپ
يۈرەركەنلا.

**شاراپەت خېنىم:** مېنىڭ داخۇر كالۋىرىم
هەرەمنىڭ ماللىرىدا تولغان بىلەن سىلى-
نىڭ داخور كالۋالىرى تەكلىماكاننىڭ
قۇمىغا تەڭرىتېغىنى قوشۇپ قاچىلىسىمۇ
ئەجدىهانىڭ ئاغزىدەك ئېچىلىپ تۇرۇۋېرىدۇ.
ئايشەم خېنىم چاك - تۇمان بولۇپ كەت-
مىسۇن دەپ ئادەمسىز ئۆينى سېرىپ - سۈ-
پۈرۈپ بولۇپ، توپا - تۇمانسىز ئۆيگە
ئىززىتى بىلەن قىچقىراي دەپ تۇرسام،
دىللىرىغا سالغاندەك كەللە. خاپا بولمىسىلا،
چاي قۇياي مانتا خېنىم.

**ئايشەم خېنىم:** رەھمەت. ئىش ئەپلەشكە
خويمۇ ئۇستىكەنلا. هاجىم دادامدىن سۆ-
يۈنچىنىڭ چوڭىنى ئالىدىغان بولدىلا.
مەن تازا ئەتىگەن (مۇشتۇمنى كۆرسىتىپ)
مۇشۇنداق نوكچا ناۋاتتا چاي دەملەپ،
هالۋا بىلەن ياغلىق توقاچتا ناشتا قىلىپ
كەينىدىن شورپا ئىچتىم. بايا تېخى قەنت
چاي ئىچىپ كەلدىم.

(سابىر هاجىم، هىممەت هاجى، ئابدۇرېھىم
هاجىلار قوللىرىدا چامادان، سومكا كۆتۈ-
رۈشۈپ كىرىپ كېلىدۇ).

**سابىر هاجىم:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جان-
جىگەرلىرىم.

**شاراپەت خېنىم، ئايشەم خېنىم:** ۋاي، هاجىم دادا ...

(ئۇن سېلىپ يىغلىشىپ كېلىپ سابىر
هاجىمنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ يىغلايدۇ)
ۋاي، تىنچ كەلدىلىمۇ دادا، تەنلىرى
ساقمۇ، زۇكامداپ، تۇمۇقاپ قالماي كەلدى-
لىمۇ. بەك ئەنسىرەپ، كۈن ساناپ هېرىپ
قالدۇق. (هەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى بىردە
ئەرلىرىنىڭ قولىدىكى چامادانلارغا، بىردە
سابىر هاجىمنىڭ قولىدىكى ئۇزۇككە
ئالاق - جالاق بولۇپ قارايدۇ.)

**سابىر هاجىم:** تىنچلىق، بالىلىرىم.
ئوبدان. مانا، سالامەت كەلدۇق دېگەن شۇ.

**ئايشەم خېنىم:** كۈندە چۈشۈمدىن چىقمى-
دىلا زادى. ئەنسىرەپ يۈرىكىم سۇ بولدى.

**شاراپەت خېنىم:** نەرسە - كېرەكلەرنى
يىتتۇرۇپ قويمىغانلا.

**سابىر هاجىم:** ياق، بالام.

**سەنەۋەر خېنىم، قەييۇم هاجىم:** چوڭ دادا... هاجىم دادا.

(باللار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ بوۋايغا ئۆزى-
نى ئاتىدۇ. سابىر هاجىم قەييۇم هاجىم-
نى كۆتۈرۈپ سۆيۈپ كېتىدۇ.)

**هىممەت هاجى:** (ئىچى پۇشۇپ، ئۆزىنى
يەلپۈپ سۇپىدا ئولتۇرغان هالدا) هاجىم
داداڭلار هېرىپ - ئېچىپ ئاران كەلگەن-
دە تولا جاپا سالماي ئولتۇرۇڭلار. چۈشە
بالام. (قەييۇم هاجىم چوڭ دادىسىنىڭ
قويۇن يانچۇقىدىن بىر تەسۋىنى سۇرەپ
چىقىپ پولاڭلىتىدۇ.)

**قەييۇم هاجىم:** ئاپا، ئاپا، چوڭ دادام-
نىڭ يانچۇقىدا پۇل يوق، مۇشۇ بار ئىكەن.
ئاچا، سەنمۇ يانچۇقىنى ئاختۇرە.

**شاراپەت خېنىم:** (ئالاق - جالاق بولۇپ يۈگرەپ كېلىپ بالىسىنى سىلىكىشلەيدۇ) چۇشە بەتقىلىق، نېمانداق سەتلىشىسەن.

**قەييۇم هاجىم:** (يىغلاپ) ئۆزۈڭ چوڭ داداڭنىڭ يانچۇقىدا نېمە بولسا ئال، دېدىڭغۇ.

**سابىر هاجىم:** ها - ها - ها، بولدى، ئۇرمىسىلا، بالا كىچىك ئەمەسمۇ. ئوغۇل بالا دېگەن لامزەللە چوڭ بولسا كۆڭۈل ئالالمايدۇ. خەقنىڭ ئاغزىدىكى نانىنى، ئالقىنىدىكى پۇلنى، يانچۇقىدىكى دەپ-دۇنياسىنى تارتىپ ئالالايدىغان بولسۇن. بىزنىڭ ئابدۇكېرىم ئاخۇنغا ئوخشاش نوغۇچتەك تۈز، قويدەك ياۋاش، بولۇمسىز بولسا، كۆيۈمى بولمىسا نېمە دېگۈلۈك.

**سەنەۋەر خېنىم:** (چوڭ دادىسىنىڭ كىچىك قول سومكىسىدىن پۇرلىشىپ، تەردىن قېتىپ، كىرلىشىپ كەتكەن ئېهرامىنى تارتىپ چىقىرىپ، سومكىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارايدۇ) ئاپا، بۇنىڭدىن باشقا هېچنېمە يوقكەن.

**ئايشەم خېنىم:** (شەۋكەتنى سىلىكىشلەيدۇ) بار جۇگۇ. يا پاتراق چوڭ بولمايسەن. چوڭ داداڭنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇر. سەنمۇ ئاۋۇ ئاچ پاقىلاردەك نېمە بولسا، شۇنى بوش قويما. (باللار چوڭ دادىسىغا كانىدەك چاپلىشىپ هەممە يېرىنى ئاقتۇرۇشۇپ كېتىشىدۇ. ئانىلىرىنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ، بىرى سابىر هاجىمنىڭ تەرىنى سۈرتكەن، بىرى توپىسىنى قاققان بولۇپ، باللىرى تەتۈر ئۆرۈۋەتكەن يانچۇق خالتىلىرىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قارايدۇ.)

**شاراپەت خېنىم:**(ساختا كۈلكە - تەكەللۇپ بىلەن) ۋاي هاجىم دادا، هېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە ئۆرە تۇرۇپ قالدىلا، كەلسىلە كۆرپىگە. (باللىرىغا قاراپ) ئۆتەپ بېرىشە يۈزى قېلىنلار، ئانىسىغا چاپلاشقان ئورۇق موزايدەك چاپلىشىۋالماي، هاجىم دادامنى ئارامخۇدا قويۇشە. (شاراپەت خېنىم سابىر هاجىمنى قولىدىن يېتىلەپ بېرىپ سۇپىدىكى تۆت قات كۆرپىگە ئولتۇرغۇزىدۇ.)

**ئايشەم خېنىم:** كەلسىلە هاجىم دادا، كەشلىرىنى سالدۇرۇپ قوياي. (شاراپەت خېنىم بىلەن ئايشەم خېنىم كەش سالدۇرۇشنى تالىشىپ خىرىس قىلىشىدۇ.)

**سابىر هاجىم:** ها - ها - ها، رەهمەت، باللىرىم. خۇدا قولۇڭلاردىن قىزىلگۈل ئۈندۈرگەي. (هىمىت هاجى بىلەن ئابدۇرېهىم هاجى پەخىرلەنگەن هالدا بىر - بىرىگە ئىشارەت قىلىشىپ دادىسىغا ئەگىشىپ كۈلۈشىدۇ. شاراپەت خېنىم ئۆيگە ئوقتەك كىرىپ ئاپتۇۋا - چىلاپچا ئەپچىقىدۇ.)

**شاراپەت خېنىم:** سەنەۋەر، كېلە قىزىم. سەن هاجىم داداڭنىڭ پۇتىغا سۇ قۇي، مەن يۇيۇپ قوياي. (سابىر هاجىمنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويىدۇ)

**ئايشەم خېنىم:** مەن چاي دەملەپ، داستىخان راسلاپ چىقاي. شەۋكەتجان، سىلى هاجىم دادىلىرىنىڭ ئۇچىسىنى تۇتسىلا، مانا مۇنداق. (بالىسىنى سۇپىغا چىقىرىپ، سابىر هاجىمنىڭ گەجگىسىنى ئۆزى تۇتۇپ كۆرسىتىپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

**سابىر هاجىم:** خوتۇن كىشى ئەسلىدە ياۋا ئېشەكنىڭ ئۆزى. ئەر ئۇنى قانداق كۆندۈرسە شۇنداق ماڭىدۇ. ئۇچىسىنى سىلاپ، سەمرىتىپ مەيلىگە قويۇۋەتسە خۇددى ئابدۇكېرىمنىڭ خوتۇنىدەك چىچاڭ ئېتىپ يۈرۈيدۇ. گەپ باشتىلا ئۇنى قانداق مىنىشتە. تازا ئوبدان نوقتىلاپ، زىخلاپ، چاتىرىقىغا ئوبدان قىسسا كېيىن مانا مۇشۇنداق ياۋاشلايدۇ. خوتۇن دېگەن

ئەرنىڭ رايى بىلەن بولىدۇ. ئىككىنچىلار ئالدىنغا چىققىنىڭلار، مانا، خوتۇنلىرىڭلار بولسا بالىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئۆيىنى بىر چىرايلىق سېرىپ - سۈپۈرۈپ، مەن كەلگەندە، ئۆيىنى دائىم ئادەم بار چاغدىكىدەكلا ئوبدان قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇكېرىمنىڭ مېنىڭ پۇشتۇمدىن تامغان، سىلەر بىلەن بىر قورساقتا ياتقان قېرىندىشىڭلار، ئەمما ئۇ سىلەردەك مېنى تارتمىدى. ئەۋلادىمىزنىڭ ئىچىدىن ئۇنداق نانكور لامزەللە چىقمىغان. ھەممىسى پۇل تېپىشنى، دۇنيا يىغىشنى، ئادەملەرنى قولىغا قارىتىشنى بىلىدىغان. مانا ھازىر ئۆزى مېنىڭ ئالدىمغا چىقماي نەلەردە كاسىلداپ يۈرۈيدۇ. بالا دېگەن دادىنى ھەرەمگە يۈدۈپ ئاپارسىمۇ قەرزى ئادا بولمايدۇ. ئېرى چىقمىغاندىكىن ئايالىمۇ يوق مانا.

شاراپەت خېنىم: (دوراپ) بايا كەپتىكەن. ۋاي تېخى كەلمىدىمۇ دەپتى، ئەتىگەن كېلىپ ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن، بىردەم ئولتۇرسىلا، دېسەم، باللارنىڭ بىرنېمىسىنى بىرنېمە قىلالتىم دەمدۇ، ھېلىراق كېلەرمەن، دەپ كەتتى. تازىلىق قىلىپ ھېرىپ، بەللىرىم ئاغرىغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، بەللىرىنى تولغاپ، بوينىنى شاپتۇل قېقىپ كەتتى.

(سابىر ھاجىم غەزەپ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىدۇ. چىلاپچىنىڭ گىرۋىكىگە دەسسەپ سېلىپ، سۇ ئۆرۈلىدۇ. چىلاپچىنىڭ قىرغىقى پاچىقىغا تېگىپ ۋاي، ۋايلاپ كېتىدۇ.)

**ھىممەت ھاجى**

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** ۋاي نېمە بولدىلا،

**شاراپەت خېنىم** بەك قاتتىق تەگدىمۇ

(ئۇنى پەپىلەپ ئولتۇرغۇزىدۇ. سابىر ھاجىمنىڭ پۇتىنى يەنە يۇيىدۇ).

**شاراپەت خېنىم:** خوش يېقىمۋاتامدۇ ھاجىم دادا. مۇشۇنداق ئۇزاق تۇتۇپ يۇيۇپ قويسام ھاردۇقلىرى چىقىپ قالامدىكى دەيمىنا ئەمدى.

**سابىر ھاجىم:** ھەرەمگە ئاپىرىش دېگەنمۇ مېنىڭ يىلدىمۇ خىيالىغا كەلمەيدۇ. خەقنىڭ يۇمغاقسۇتىنىڭ ئۇرۇقىدەك تۇغقانلىرى، ۋاي، ئاچامنىڭ ئېرىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئىنگىچىسى كەپتۇ دەپ يىغا — زار بىلەن ئالدىغا چىقىپتۇ. مەن ئۇنىڭ دادىسى ئەمەسمىسا. ھۆ - ھۆ - ھۆ (سابىر ھاجىم تىزىغا شاپىلاقلاپ يىغلايدۇ.)

**ئايشەم خېنىم:** (داستىخان كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ) ئەلۋەتتە دادام دەپ ئالدىغا چىقسا، ئەل - جامائەت ئالدىدا داداڭىزمۇ، ئۆزىڭىزمۇ ئىززەت - ئابرويى ئەمەسمۇ.

**شاراپەت خېنىم:** ئابدۇكېرىم ئاخۇن چىقمىغاندىكەنچۇ، ھەقچان دادىسى بىلەن خۇمدان دەزى بار ئوخشايدۇ دېمەمدۇ خەق مۇشۇنداق سۆزلەپ يۈرسە نېمىدېگەن سەتچىلىك.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** ئاكام دائىم ئانام دادامنىڭ زۇلمى بىلەن دەرد ئاغرىقى بولۇپ بالدۇرلا كەتتى، دەپ كوتۇلدايتتى.

**سابىر ھاجىم:** (يەنە چىچاڭشىپ، چىلاپچىنى دەسسىۋېلىپ ئۆرۈۋېتىپ ۋاي - ۋايلايدۇ) مەن ئانىسىغا نېمە زۇلۇم ساپتىمەن. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئانىسىنى مەن ئۆلتۈرۈپتىمەن - دە، ھۇ ئىمانسىز. ھۆكۈمەتكە ئىشلەپ نان يەيدىغان ئادەم ئىمانسىزلىشىپ، قارا كۆڭۈل بولۇپ كېتىدۇ، دېسە ئىشەنمەپتىكەنمەن. زادى راستىكەن. ھە... ئەمدى بىلدىم. سەن نامراتنىڭ، ئانامنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان دۇنيا بىلەن باي بولۇپ ئانامنى ئۆلتۈردىڭ، ھەرەمگە باردىڭ دېمەكچى ئىكەن - دە.

مەن ئاپاڭلار بىلەن ئەللىك يىللىق قەدىناس تۇرسام، شۇنچە بالىنىڭ دادىسى، ھۈنەرۋەن تۇرسام. ئانىسىنىڭ ئالتۇنلىرى تۇرۇۋېرەمدىكەن. مەن سابىر ھاجى دۇكان ئاچماي، ھۈنەر قىلماي، پۇل تاپماي بىكار ياتسام تەكلىماكاننىڭ قۇممۇ توشامدۇ.

**شاراپەت خېنىم:** ئۆزلىرىنى بىسمۇاللا، ھاجىم دادا.

**ئايشەم خېنىم:** ئۆزلىرىنى بىلمۇاللا. رەھمەتلىك ھاجى پاشا خېنىم ئانىمىز ھايات بولغان بولسا ئۇنداق دېمەيتتى. ئۇ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، مۆمىن ئانىمىز ئىدى.

**شاراپەت خېنىم:** ئابدۇكېرىم ئاخۇن زادى بۇنداق ئويلىمايدۇ.

**سابىر ھاجىم:** ئويلايدۇ. شۇنداق بىر قورساق ئاغرىقى بار. ئۇ، ئۇنداق دەپ، مۇنداق دەپ يۈرۈپ قولۇمدىكىگە ئۆزى يالغۇز ئىگە بولماقچى. (ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولىدۇ. ئۆيگە، ھويلىغا، تورۇسقا، چامادانغا كۆزلىرىنى يىپتا تارتىپ قويغاندەك تەڭ قارايدۇ.)

**ھېمىت ھاجى:** (بۇغدىيەكلىرى لىپىلداپ، تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ) دادا، خېلى بارمۇ؟

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** (دوپپىسىنى ئېلىپ چاغلاپ، چەكچىيىپ، ساقاللىرى تىترەپ قېتىپ قالغان دادىسىغا كۆرسىتىدۇ.)

**ھېمىت ھاجى:** (قويىنىنى چاغلاپ) مانا، مانا دادا، مۇنچىلىك بارمۇ؟

**شاراپەت خېنىم:** (چىلاپچىنى چاغلاپ) ھاجىم دادا، مانا مۇنداق بارمۇ؟

**ئايشەم خېنىم:** (يۆگەكلىك يوغان داستىخاننى چاغلاپ) مانا مۇنداق كېلەمدۇ؟

**سابىر ھاجىم:** ھە - ھە - ھە، ياق - ياق - ياق. ھەرگىز ئابدۇكېرىمگە بەرمەيمەن. (كۆزلىرى ئالىيىپ يىقىلىدۇ. ھەممىسى كېلىپ يۆلىۋالىدۇ.)

**ھېمىت ھاجى، ئابدۇرېھىم ھاجى، شاراپەت خېنىم، ئايشەم خېنىم:** بەرھەق راست، ئۇ يالغۇزلا ئىگە بولىۋالسا ھەرگىز بولمايدۇ. (سابىر ھاجىمنى ئولتۇرغۇزىدۇ.)

**سابىر ھاجىم:** چامادانىنى ئېچىڭلار. ھەرەمدىن ئەكەلگەن سوۋغىلاردىن ئۈلۈشكە بېرىدىغان ھېچنېمەم يوق. ئۇ ئاشۇنداق مۇھتاجلىقتا سىقىپ يالاپ ئۆتسۇن. خوتۇنىغا بېرىدىغان كىيىملەرنىمۇ ئىككىڭلار ئېلىڭلار.

**ئايشەم خېنىم:** بەرھەق گەپ بولدى.

**شاراپەت خېنىم:** راست، كېلىپ بولغىچە غاچچىدا يىغىشتۇرايلى.

**ھېمىت ھاجى:** رەشىدە دېگەن شەقىقى خوتۇن شەيتاندىن يامان.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** ئاكامنى ئاشۇنداق دەلدۈش قىلىۋەتكەن دەل ئاشۇ تۇغماس، مەكرو خوتۇن ئەمەسمۇ.

**شاراپەت خېنىم:** ھەقچان ئىشتان بېغىنى قايىنتىپ ئىچۈرۈۋەتتى، بولمىسا تۇغماس خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتۇۋەرمەستى (ھەممىسى چامادانغا ھەرىدەك ئولۇشۇپ ئېچىپ، نەرسە - كېرەكلەرنى تۇتۇپ تارتىشىپ، قولىغا چىققاننى ئېلىشقا باشلايدۇ. ئايشەم خېنىم بىلەن شاراپەت خېنىم بىر رەختنى تەڭ تۇتۇپ تارتىشىدۇ. سابىر ھاجىم ئۇلارنىڭ تۇتقان يېرىنى پىچاقتا كېسىپ ئاجرىتىپ قويىدۇ. ھېمىت ھاجى بىلەن ئابدۇرېھىم ھاجى ھەر خىل نەرسىلەرنى تالىشىپ، بىر - بىرىدىن تارتىۋالىدۇ. سابىر ھاجىم چەكچىيىپ، تىترەپ قاراپ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا ھەجۋى مۇزىكا مۇشۇ ھەرىكەتلەرگە ماسلىشىپ چېلىنىدۇ. بالىلار خورمىنى چېچىۋېتىدۇ. ھەممىسى ئولىشۇپ خورما تەرگىلى تۇرىدۇ. ئابدۇكېرىم ھاجى بىلەن رەشىدە سالاپەت بىلەن سەھنىگە كىرىپ كېتىدۇ.)

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** (قىزغىن) ئەسسالامۇ-
**رەشىدە**
ئەلەيكۇم دادا، ھەرەمدىن تىنچ - ئامان كەپلا (ھەر ئىككىسى دادىسىنىڭ ئالدىغا يۈگرۈپ كېلىدۇ. سابىر ھاجىم ئۈنسىز چەكچىيىپ، قېتىپ تۇرىدۇ. بالىلىرى ئوڭايسىزلىنىدۇ. خورما تېرىۋاتقانلار ئالدىراپ تېرىشىدۇ. ھېمىت ھاجى ئوڭايسىزلىنىپ، ئورنىدىن ئالاق - جالاق تۇرۇپ باياتىن بېرى ئېلىپ دۆۋلىگەن نەرسىلىرىنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. قالغانلارمۇ ئولجىلىرىنى سۆرەپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. شاراپەت خېنىم سۆرۈلۈپ قالغان رەختكە دەسسەپ سېلىپ دۈم چۈشكىلى تاس قېلىپ، كۈلكىلىك ھالەتتە دەلدۈگۈنۈپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. ئابدۇكېرىم ھاجى بىلەن رەشىدە ئوڭايسىز ھالەتتە قالىدۇ. قەييۇم ھاجىم بىر تەخسىگە ئالغان خورمىنى ئەكىلىپ تەڭلەيدۇ.)

**قەييۇم ھاجىم:** ئابدۇكېرىم دادا، رەشىدەم ئاپا، خورما ئېلىشسىلا (رەشىدە ئىگىشىپ قەييۇم ھاجىمنى سۆيىدۇ. ئابدۇكېرىم كۈلۈمسىرەپ تەخسىدىكى خورمىنى ئالاي دېيىشىگە).

**سابىر ھاجىم:** بالام، ئۇلار خورما يېيىشكە لايىق ئەمەس.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** (قولىغا ئېلىپ بولغان خورمىنى تەخسىگە سېلىپ قويىدۇ) ئىززەتلىرىنى قىلىپ ئالدىلىرىغا چىقالمىغانلىقىمغا بەك خىجىلمەن، دادا. مەكتەپتە...

**سابىر ھاجىم:** مەكتەپ، مەكتەپ. ئەقلىڭ توشماستا مەكتەپ دەيتتىڭ، ساقلىڭ ئەللىكبىغا يەتكىچە يەنە شۇ گەپ. سەندىكى ئەقىل - ھوش، جاھاندا قانداق ياشاش، دۇنيا يىغىش، قائىدە - يوسۇن، ئەدەب - ئەخلاق دېگەنلەرنى، ئادىمىي پەزىلەتلىرىڭ، ھەتتا مۇسۇلمانچىلىقىڭنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ مەكتەپ دېگەن نەرسە يەپ تۈگەتتى. (باشقىلار ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن تاماشا كۆرۈشىدۇ. بالىلارمۇ ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ. سابىر ھاجىم سۆزلىگەنسېرى سەپرايى ئۆرلەپ، قىزىشىپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئوغلىنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىدۇ. ئابدۇكېرىم ھاجى ئايالىنى ئۆيگە كىرىپ كېتىشكە شەرەتلەيدۇ. رەشىدە ئەنسىز قاراپ قويۇپ كىرىپ كېتىدۇ.) سېنىڭ مەكتىپىڭ ئالدى بىلەن بالىلارنى ھورۇن، نانقېپى، ئاتا - ئانىسىنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلىمەيدىغان بەتقىلىق، ۋاپاسىز، قارا كۆڭۈل ئادەم قىلىپ چىقىرىدۇ. ئۆگەتكەن نەرسىلىرىڭ ئىچىدە خەت ئوقۇش بىلەن ھېساب چىقىرىشتىن باشقىسى ئەسقاتمايدۇ. بالىلارنىڭ كاللىسىغا يالغان، ئاقماس، ساختا نەرسىلەرنى قاچىلاپ، بىر ئوبدان بالىلارنى كېرەكتىن چىقىرىشىسەن. مىڭنى ئوقۇتساڭ، ئونى كارغا يارايدۇ، قالغىنى بىكار نانچى. يا ئوقۇغانغا لايىق ئۆز ئىشىنى قىلالماي، يا مەسچىتنى بىلمەي يۈرۈيدۇ. جاھانغا ئەنسىزلىك سېلىپ، جىمى يامان ئىشنى تېرىۋاتقان سېنىڭ ئاشۇ مەكتىپىڭدىن چىققان ئىشسىز نانكورلار. يا ئىلمىدە يوق، ياكى دىنىدا دېگەن شۇلار. مەكتىپىڭ مەكتەپ ئەمەس، يىغىۋېلىپ ساقلاپ، بۇزۇلغاندا جەمئىيەتكە قويۇۋېتىپ، ئاخىرى يەنە بىر يىغىۋېلىش ئورنىغا چىقىرىدىغان سېسىق ئىسكىلات.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** (قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تەمكىن ھالدا) دادا، بىز كۆرۈشمىگىلى خېلى بولدى. كۆرگىمىز كەلدى. ئالدىڭلىرىغا چىقالمىغىنىم بەك سەت ئىش بولدى. ئەمما بۇنىڭغا ئۆزۈمچە قايىناپ كەتمىسىلە. بولۇپمۇ مەكتەپنى شۇنچىۋالا يامانلاش ھەر قانداق

قائىدە، ئادەت، مۇسۇلمانچىلىقتا يوق ئىش. شۇڭا، ھېچكىمنىڭ ئىنسانىنى ئىنسانلىق يولىغا باشلىغان، ئاغزىغا ئىلىم سېلىپ، ئادەمنى ئادىمىلىك كامالىتىگە يەتكۈزگەن مائارىپىمىزنى ھاقارەتلەشكە ھەققى يوق. مەن جەمئىيەتكە چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمىسەممۇ، ئۆزۈم ئوقۇتۇۋاتقان بالىلارنى ھالالچى، توغرا، پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيىلەۋاتىمەن. سىلىچۇ، جەمئىيەتكە، ھېچ بولمىغاندا قوشنا - قولۇملارغا پايدىلىق نېمە ئىشلارنى قىلدىلا؟

**سابىر ھاجىم:** (يەنە ئالدىغا دەۋەيلەپ) سەن تېخى مېنىڭدىن ھېساب ئالماقچىمۇ؟ بىلىپ قوي: مەن پەقەت ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئاللاغا ھېساب بېرىمەن،

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** لېكىن ۋىجدان ھامان بىر كۈنى باققان ئانا تۇپراق، نەپ ئالغان خەلققە ھېساب بېرىدۇ. دادا، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ساۋابنى ئىزدەپ ھەرەمگىمۇ باردىلا. مۇشۇ تاپتا ئەتراپىلىرىدا نۇرغۇن كاتتا ساۋابلىق ئىشلار سىلىدەك پۇلىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئاتالغانلارنىڭ ئىمانى، ۋىجدانىنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ياتىدۇ. باشقا ئەللەرنىمۇ كۆرۈپ كەلدىلە. مانا مۇشۇ سىلى مېڭىۋاتقان ئېگىز - پەس كوچا، ئۇنى بۇلغاپ پاتقاق قىلىۋەتكەن پاسكىنا سۇلارنى كۆرۈۋاتىلا. يولنى ياسىتىپ قويسىلا، ئازراق يەر ئېلىپ ھاجەتخانا، مونچا سالدۇرۇپ، ئەھلى مەھەللىنىڭ ھاجىتىنى راۋان - پاكىزە قىلسىلا، ساۋابىنىڭ چوڭىنى تاپىلا، جامائەتنىڭ دۇئاسىنى ئالىلا.

**سابىر ھاجىم:** سەن ماڭا دەرس ئۆتكۈچى بولما. مەن كۆرگەن يەرلەردە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت قىلىدۇ. بولمىسا ئۇلار نېمىشقا بىزدىن باج ئالىدۇ؟

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** مېنىڭ سىلى بىلەن يەنە تالاشقىم يوق. توغرا يولغا ئىشلىتەلمىگەن بايلىق ئادەمگە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.

**سابىر ھاجىم:** (چىچاڭشىپ، سەھنىنى بىر ئايلىنىدۇ) سېنىڭ بۇلداق دەپ ۋەز ئېيتىشتىكى نىيىتىڭ ماڭا ئايان. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ ھەممىنى ئالقىنىڭغا ئېلىۋېلىپ، ئاران يىغقان ۋەجىمنى يوقاتماقچى. ھۆكۈمەت بۇرۇن خۇددى ساڭا ئوخشاش سۆزلەپ ھەممىنى ئېلىۋېلىپ، سالتاڭ بولغاندا، كېيىن دەۋا قىلىدۇ، دەپ ئېتىپ يوقاتقان. سەن مېنى، بىزنىڭ ئائىلىنى، قېرىنداشلىرىڭنى يوقاتماقچى. قارا كۆڭۈل بولغاندىمۇ ياتتىن ئېشىپ كېتىپسەن، ئابدۇكېرىم.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** ماڭا سىلىنىڭ مال - دۇنيالىرىنىڭ لازىمى يوق. ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ مائاشى ئۆزىمىزگە يېتىدۇ. يىغىپ ساقلايدىغان بالىمىزمۇ يوق. شۇڭا، ماڭا ئۆزلىرى بەرگەن ھالەتتىمۇ مەن بايا دېگىنىم بويىچە ئۇنى خەلقنىڭ ئاشۇ ئىشلىرىغا ئىشلىتىۋېتىمەن، ھەتتا چوكا چاغلىق نەرسىنىمۇ ئېلىپ قالمايمەن.

**سابىر ھاجىم:** (چەكچىيىپ قېتىپ ئوغلىغا قارايدۇ) سەن ··· سەن... مۇبادا قولۇڭدا ئالتۇن بولسا، قانداق قىلىسەن؟

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** يول ياساش، جامائەتنىڭ سۈيىنى ياخشىلاشقا خەجلەيمەن.

**سابىر ھاجىم:** (ئۆيلىرىگە زەڭ سېلىپ قارايدۇ) بۇ ئۆيلەرنىچۇ؟

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** يەسلى، دوختۇرخانا قىلىمەن.

**سابىر ھاجىم:** يوقال بەتبەخ. ئاتا - بوۋامدىن قالغان گۆھەر جاينى ۋەيران قىلىدىغان سەندەك شۇم بۇيىغا بىر تال خەس چاغلىق نەرسە بەرمەيمەن. بۇ خەققە مېنىڭ قىلساڭمۇ بارى شۇ. ياخشى بولالمايسەن.

سېنى ياخشى دېمەيدۇ. بىلىپ قوي: خەقتىن يېگىنە چاغلىق قەرزىم يوق. ئەزەلدىن بولۇپ باققان ئەمەس. يوقال، ھازىر كۆزۈمدىن يوقال، بىزنىڭ نەسەبىمىزنى قۇرۇتىدىغان شۇمبۇيا ... (سابىر ھاجىم شۇنداق دەپ ئۇىگدىسىغا ئۇچۇپ چۈشىدۇ.)

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** (ئېتىلىپ بېرىپ دادىسىنى يۆلىۋالىدۇ.) دادا ... دادا ... (ئۆيدىن ھەممىسى ئېتىلىپ چىقىدۇ.) دادا ... دادا ...

(پەردە چۈشىدۇ.)

## 1 - پەردە 2 - كۆرۈنۈش

(كۆز. سابىر ھاجىمنىڭ ھويلىسى. ئالدىنقى پەردە بىلەن ئوخشاش. پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا سابىر ھاجىم كېسەلچان بولۇپ يېتىپ قالىدۇ. ھېمىت ھاجى، ئايالى، ئىككى بالىسى بىلەن، ئابدۇرېھىم ھاجى، ئايالى، بالىسى بىلەن سابىر ھاجىمنىڭ بېشىدا پايپېتەك بولۇشۇپ ئولتۇرۇشقان ھالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ. ھېمىت ھاجى دادىسىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ تۇرىدۇ، شاراپەت خېنىم سابىر ھاجىمغا پىيالىدە تاماق ئىچۈرىدۇ.)

**سابىر ھاجىم:** (يۆتىلىدۇ) ياق بالام، ياق. سەن ئاكاڭنى بىلمەيدىكەنسەن. ئۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىدە يۈرۈپ دىلىدىن ئىمان، ئىنسابى رەھىم - شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ قارا نىيەت بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مېھرى - شەپقەت دېگەننى كۆرمىدىم. ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. ھۆكۈمەت ھەممە ئادەمنىڭ قولىدا بارنى تارتىۋېلىپ ھېچكىمنى ھېچ نېمىگە ئىگە قىلمىغانغا ئوخشاش، ۋاقتانە - ۋاق كەلگەندە ئۇمۇ بىر ھىيلە بىلەن مەندىن قالغان مال - دۇنيانى ئۆزى يالغۇز ئىگىلەپ، سىلەرنى ھېچ نېمىگە ئىگە قىلماسمىكىن، دەپ يۈرىكىم سۇ.

**ھېمىت ھاجى:** ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنچەۋالا بولۇپ كەتمەس. نېمىلا دېگەن بىلەن بىز بىر دادا، بىر ئانىنىڭ بالىلىرى، بارنى تەڭ كۆرىمىز.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** خاتىرىلىرىنى جەم قىلسىلا دادا، ئاكام ھەرقانچە رەھىمسىز بولسىمۇ، ھەر كىم ئۆز نېسىۋىسىنى ئالدۇ. ئارتۇق ئالمەن دەيدىكەن، بىز قاراپ تۇرمايمىز.

**سابىر ھاجىم:** ھە، شاراپەتخان، ئايشەمخان بالام، خاپا بولماي ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشسىلا. ئوغۇللىرىم بىلەن مەسلىھەت قىلىۋالىدىغان گەپ بار. (شاراپەت خېنىم بىلەن ئايشەم خېنىم نارازى بولۇپ قاپاقلىرىنى سۈزگەن ھالدا بوينىنى شاپتۇل قېقىپ كىرىپ كېتىدۇ.)

**ھېمىت ھاجى:** (يېقىن كېلىپ) نېمە مەسلىھەت بار ئىدى، دادا.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** قۇلىقىمىز سىلىدە، دادا.

**سابىر ھاجىم:** (گېلىنى قىرىپ) كۆڭلۈمگە ئايان، مېنىڭ ۋاقتىم ئۇزۇن قالمىدى.

**ھېمىت ھاجى:** تۇۋا دېسىلە دادا، بىر ئوبدان تۇرىلا، خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** خۇدا شىپالىق بېرىدۇ دادا، ئۇنداق گەپنى ھەرگىز ئاغزىلىرىغا ئالمىسىلا.

**سابىر ھاجىم:** (كۆزىگە ياش ئېلىپ، بوغۇلۇپ) مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمدا ھەرقايسىڭلارنىڭ تېگىشلىكىنى ئايرىۋېتىپ، كېيىن نېمە بولسام بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن. مەندىن كېيىن قالساڭلار مىراس تالىشىپ بىر - بىرىڭلار بىلەن ئەشەددىي دۈشمەن بولۇشۇپ كەتمەڭلار. ھازىر قەشقەرنىڭ قەيېرىگە بارسا، مىراس دەۋاسى قىلىپ قان

بولۇشۇپ كەتكەن ئاكا - ئۇكىلارنىڭ جېدىلى. مەن شۇنداق بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن.

**ھەممەت ھاجى:** ئۇنداق دېمىسلە دادا، خۇدايىم كۆڭلىمىزگە ئىنساب بېرەر.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** سىلى مۇشۇنچىلىك چاغدا ئۇچىمىزگە ئۈچ ئوق قىلىپ ئايرىپ بەرسىلە يەنە نېمىنى تالىشىپ يۈرۈيتتۇق.

**ھەممەت ھاجى:** (سەكرەپ ئورنىدىن تۇ- رۇپ، قوللىرىنى ھەر تەرەپكە شىلتىپ) دادامنىڭ كۆڭلىدىكىنى مەن ئالللىقاچان بىلىپ بولدۇم. بىر ئوقنى ئابدۇكېرىم ھاجى ئەخمەققە بەرسە شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزى- دە ئالتۇنلارنى شامالغا سورۇپ تۈگىتىدۇ. نەچچە ئەۋلاد بوۋىلىرىمىز جېنىدىن ئەزىز بىلىپ قەدىرلەپ، چىرىغىنى ئۇچۇرەمەي كەلگەن مانا مۇشۇ كاتتا ئايۋان سارايىنى كوچىنىڭ ھاجەتخانىسى قىلىۋېتىدۇ. ئاسان تاپقان دۇنيا ئەمەس بۇ. قالغىنىنى دادام بىر نېمە دېسۇن.

**سابىر ھاجى:** (جانلىنىپ، ئۆرە ئولتۇرى- دۇ) مېنىڭمۇ بېشىم قاتقان ئىش مۇشۇ. بېرەي دېسەم، بۇ كالللىسىنىڭ پەگىرى يوق ئەخمەق سورۇپ تۈگىتىدۇ. بەرمەي دېسەم، ئۇمۇ سىلەرگە ئوخشاش مېنىڭ ....

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** (كىرىپ كېلىدۇ) ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دادا، ئاكا، ئۇكام.

**ھەممەت ھاجى / ئابدۇرېھىم ھاجى:** ۋائەلەيكۇم ئەسسالام.

(ھەممىسى قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. سابىر ھاجىم سوغۇق كۆرۈشىدۇ.)

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** دادا، يوقلاپ كېلەل- مىدىم. ئەھۋاللىرى قانداقراق.

**سابىر ھاجىم:** خۇداغا شۈكرى. نۆۋەت كۈتۈپ ياتىمەن. ئوبدان كەلدىڭ. مەن سەندىن بىر سوراي. سېنىڭ ئۆتكەندە مىراس ئالمايمەن. ئالسام، خەققە سەدىقە قىلىۋېتىمەن دېگىنىڭ راست گەپمۇ؟

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** (دادىسى، ئاكىسى، ئىنىسىگە نۆۋەت بىلەن قارايدۇ. ئۇلارمۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن قانداق گەپ چىقاركىن دېگەندەك تەلمۈرىدۇ) ئەجەب بىر ۋاقىتتا كەلگەن ئوخشىمامدىم. نېمىدەپ بۇ گەپنى سوراپ قالدىلا دادا.

**سابىر ھاجىم:** تۈت كۈنلۈكۈم قالدى. مۇشۇ گېپىڭگە جاۋاب بەرگىنە.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** گېپىم راست بولسا، قانداق قىلاي دەيلا.

**سابىر ھاجىم:** بىر تىيىن چاغلىق نەرسە بەرمەيمەن. ئۆي - جاي، زېمىندىنمۇ شۇنداق.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** (ئاكىسى بىلەن ئىنىسىگە قارايدۇ. ئۇ ئىككىسى باشقا ياققا قارىۋالىدۇ.) سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك بول- سۇن. تەمەيىم يوق. ئانام رەھمەتلىك ئانىسىدىن قالغان بىر ئۈزۈكنى دائىم مەندىن كېيىن قالساڭ سەن ساقلاپ قوي، دەيتتى. ئانامنىڭ شۇ تەۋەررۇكى بىلەن چوڭ رامكىلىق سۈرىتىنى بەرسىلە، ئۇنى ساقلاپ قوياي، قالغىنىنى ئالمايمەن.

**سابىر ھاجىم:** (غەزەپ بىلەن) ئاناڭنىڭ ساندۇقىدا بار. ماڭ، ھازىرلا ئېلىپ كۆ- زۈمدىن يوقال.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** ماقۇل دادا، ئاچچىق- لانمىسىلا. (ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

**سابىر ھاجىم:** (ھۆكرەپ يىغلايدۇ) تۇۋا قىلدىم خۇدايىم، بۇ چوپچوڭ ئادەم تورسا. ئەقلى - ھوشى يوقمىكىن دېسە، گەپلىرى جايىدا. ساراڭمىكىن دېسەم ... شۇمۇ مې- نىڭ بالام بولدىمۇ ئەمدى.

**ھەممەت ھاجى:** بولدى دادا، ئۆزلىرىنى ئۇپراتمىسىلا. «يىغلىغاننى يۆلىمە» دەپتى- كەن. ئۇنىڭغا پۇل - دۇنيانىڭ كېرىكى بولمىسا زورلاپ نېمە قىلىلا.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** گاداي مۇئەللىم بولۇپ، فۇربەت - سىرىقتال تۇرمۇشقا كۆلۈپ قالغان گەپ. گەپنى يوغان قىلغان بىلەن جان ئاز - دە. بوپتۇ دادا، ئالدىلىرىدا بىز تۇرۇپتىمىز. (ئابدۇكېرىم ھاجى ئانىسىنىڭ چوڭ رامكىلىق سۈرىتىنى ئېلىپ چىقىدۇ. كەينىدىن شارابەت خېنىم بىلەن ئايشەم خېنىم ئەگىشىپ چىقىدۇ)

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** ئانىسىنىڭ سۈرىتىگە قاراپ، دادىسىغا بىردەم قاراپ) خوش دادا، مەن يەنە يوقلاپ كېلىپ تۇرىمەن.

**سابىر ھاجىم:** (بوغۇلۇپ) ئوبدان بالام، سارائىلىق قىلما. مەن قورۇنۇپ كېتىۋاتىمەن. ئۇ دۇنيادا ئاناڭنىڭ ئالدىغا يۈزۈم يورۇق باراي.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** (كۈلىدۇ) ھەرگىز قورۇنمىسىلا دادا. ھاياتتا ھەر كىمنىڭ ئۆزى تاللىغان يولى، خۇي - پەيلى بولىدۇ. ئانام مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىدۇ.

**سابىر ھاجىم:** ئاناڭنىڭ ئايرىم ئۇكۇنچىكىنىمۇ بولسا ئال. مەيلى، قانداق قىلساڭ كارىم يوق.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** ئانامنىڭ ئارزۇسى بىلەن بۇنى (ئۆزۈكنى كۆرسىتىدۇ)، ئۆزۈمنىڭ ئارزۇسى بىلەن بۇنى (ئانىسىنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىدۇ) ئالدىم. ئاكام، ئۇكامنىڭ باللىرى بار، ئۇلار ئېلىپ ئىشلەتسۇن. (ئايشەم خېنىم بىلەن شارابەت خېنىم ئالقانلىرىغا خەت يازغاننى تولا ئىشارەت قىلىپ بىلدۈرەلمەي شارابەت خېنىم ئېرىنىڭ قولىقىغا پىچىرلايدۇ.)

**شارابەت خېنىم:** (يالغان كۈلۈپ) ئۇنداق گۆدەكلىك قىلمىسىلا بولاتتى. كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالالمىسىكى.

**ئايشەم خېنىم:** ئۆزلىرىنىڭ بىر ئۇلۇشلىرى بولغاندىكىن ئالسىلا بولاتتى.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** مېنى بېقىپ چوڭ قىلىپ، ئوقۇتۇپ تەربىيىلىدى، ئۆي - ئوچاقلىق قىلدى. دېمەك، ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ بولدى. ئەمدى ئۇلاردىن يەنە تەمە قىلالمايمەن.

**شارابەت خېنىم:** (قاپىقىنى سۈزۈپ، بوينىنى شاپتۇل قېقىپ) ئوھوش، تويغۇزدىلىمۇ دەيمەن ياخشى نىيىتىمنى بۇرنۇمدىن چىقىرىپ. قانداق قىلسىلا قىلماملا.

**ئايشەم خېنىم:** (قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرگەندەك قىلىپ دوراپ) شۇنى دەيمەن. ئەۋلىيادەك سۆزلەپ، بىزنى نېمىگە ئوخشىتىپ قويىدى ئەمدى.

**سابىر ھاجىم:** (قولىنى شىلتىپ) ھەرقايسىڭلارنىڭ ئىشى يوق، ئارىلاشماي، ئۆيگە كىرىپ قازنىڭلار بىلەن بولۇڭلار (ئايالللار غۇتۇلدىشىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ). بالام، ئالمامسەن؟

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** دادا، ھەر ئىككىمىز نىيىتىمىزدىن يانمايلى (چىقىپ كەتكىلى ماڭىدۇ).

**ھەممەت ھاجى:** (قەغەز - قەلەم كۆتۈرۈپ: ئالدىراپ) ئۇكام ... بۇنى ... بۇنىڭغا.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** (ھەيران بولۇپ، ئاكىسىنىڭ قولىدىكى قەغەزگە چۈشەنمەي قارايدۇ) نېمە دەيلا ئاكا؟

**ھەممەت ھاجى:** بۇ ... بۇنىڭغا (ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپ ئاغزىنى ئۈمەللەپ، قوللىرىنى خەت يازغاننى ئىشارەت قىلىپ)

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** يازامدىم؟

**ھەممەت ھاجى:** ھە ... ھەئە تاپتىلا ئۇكام.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** نېمە يازىمەن؟

**ھەممەت ھاجى**
**ئابدۇرېھىم ھاجى** : ھۇ ... بىر ھۆججەت.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** نېمىدەپ ھۆججەت يازىمەن؟

ھەمىت ھاجى: (تەرلەپ، يالغان ھىجىيىپ) ئاتا - ئانامدىن قالغان مال - مۈلۈك، ئۆي - جاي مىراسلىرىم ھەققىدە ھېچقانداق دەۋا - دەستۇرۇم يوق دەپ.

ئابدۇرېھىم ھاجى: ھە ... ھەئە شۇ ... شۇنداق دەپ يېزىۋەتسىلە.

ئابدۇكېرىم ھاجى: (ئاكىسى بىلەن ئۇكىسىغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىدۇ) ئاكا، ئۇكام (ئاۋازى بوغۇلىدۇ) سىلەرچە بولغاندا زادى شۇنداق قىلىمىزمۇ ئەمدى؟

ھەمىت ھاجى: ھى - ھى - ھى. ئەمدى ... جاھان ئۆزۈن. قائىدە - رەسمىيەت شۇنداق ئەمەسمۇ ئۆزى،

ئابدۇكېرىم ھاجى: بوپتۇ (قەغەز - قەلەمنى ئېلىپ تېز يېزىپ بېرىدۇ، بېشىنى چايقاپ يەرگە قارايدۇ) بەك خىجىل بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك. ئۆزۈمنى قېرىنداشلارنىڭ ئالدىدا ناتونۇش ئادەمدەك ھېس قىلىۋاتىمەن. جېنىم ئاكا، ئۇكام، بىز، بىز نېمە بولۇپ كەتتۇق بۈگۈن. (دادىسىغا يىغلايدۇ) دادا، دادا سىلى بىزنى نېمە قىلدىلا؟ مېنىڭ تاغدەك دادام بارتى، ئاكام بارتى، ئىنىم بارتى، بىرمۇنچە تۇغقانلىرىم بارتى، يۈرىكىم توم، خاتىرجەم ئىدىم. ئۇلار قېنى. دادا، ئاكا، ئىنىم سىلەر قېنى؟! مەن يالغۇز قالدىم. مېنى تاشلىۋەتمەڭلار. (ئاسمانغا قاراپ سەۋدايىدەك ۋارقىرايدۇ) دادامنى بەر، ئاكامنى بەر، ئىنىم ئابدۇرېھىم ھاجى قېنىسەن؟ ئانا، جېنىم ئانا، نېمىشقا بۇ دۇنيادا مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇلا ... ئانا، دادا، ئاكا، ئۇكام (ئابدۇكېرىم ھاجى تۇۋلىغانچە دۇلدۇگۇنۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ھەممىسى جىممىدە تۇرۇپ قېلىشىدۇ. پەردە چۈشىدۇ.)

## 1 - پەردە 3 - كۆرۈنۈش

(سابىر ھاجىمنىڭ ھويلىسى. ئالدىنقى كۆرۈنۈشنىڭ داۋامى. سابىر ھاجىمنىڭ ئالدىغا چوڭ - كىچىك ساندۇقلار، ھەر خىل ئۆي سايمانلىرى ئىككىگە بۆلۈپ تىزىلغان. ھەمىت ھاجى، شاراپەت خېنىم، ئابدۇرېھىم ھاجى، ئايشەم خېنىملار ھاسىراپ - ھۆمىدەپ ئۆينىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى توشۇماقتا. سابىر ھاجىم روھى چۈشكۈن، سالپىيىپ ئولتۇرىدۇ. ھەمىت ھاجى بىلەن ئابدۇرېھىم ھاجى بىر - بىرىگە ھومىيىشىپ، خىرىس قىلىپ، تاملارنى غېرىچلىشىۋېتىپ بىر - بىرى بىلەن ئۇسۇشۇپ كېتىشىدۇ. ئۇلار يەنە تاملارنى غېرىچلىغانچە چىقىپ كېتىدۇ. ھەجۋى مۇزىكا باشتىن - ئاياغ چېلىنىپ تۇرىدۇ. شاراپەت خېنىم بىلەن ئايشەم خېنىم بىر پارچە گىلەمنى تەڭ كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ، ئۇ دۆۋىدىن بۇ دۆۋىگە تارتىشىپ مۇدۇرۇلۇپ يىقىلىدۇ. گىلەمنى غېرىچلىشىپ ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۈلۈشمەكچى بولىدۇ. شاراپەت خېنىم ئايشەم خېنىم تەرەپنىڭكىنى كېمەيتىپ كېسىدۇ. ئايشەم خېنىممۇ پىچاقنى تارتىۋېلىپ شاراپەت خېنىم تەرەپنىڭكىنى كېمەيتىپ كېسىدۇ. ئاخىر گىلەم تۈز كېسىلمەي ھەرەچىشىدەك ئەگرى - بۈگرى ئىككى پارچە بولىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە ھۆرپىيىشىپ، گىلەم پارچىلىرىنى ئىككى دۆۋىگە تاشلاپ، بەسلىشىپ ئۆيگە ماڭىدۇ. بىرسى ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، كەينىدىكىسى پېشىدىن تارتىۋېتىپ ئالدىغا ئۆتۈۋالىدۇ. كېيىن قالغىنى ئالدىغا ئۆتكىنىنىڭ چېچىدىن تارتىپ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، چاچلىشىپ، بوغۇشۇپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. ھەمىت ھاجى بىلەن ئابدۇرېھىم ھاجى يەرگە مېتىر قويۇشقىنىچە سەھنىگە كىرىپ كېلىدۇ. بىر يەرگە كەلگەندە توختاپ ئابدۇرېھىم ھاجى ئېلېكتىرونلۇق ھېسابلىغۇچتا ھېساب چىقىرىدۇ. ھەمىت ھاجى ئۇنىڭ قولىدىكى ھېسابلىغۇچنى

غەزەپ بىلەن تارتقۇزۇلۇپ ئۆزى ھېسابلاپ ئابدۇرېھىم ھاجىغا بىر نېمە دەيدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى ھېسابلىغۇچقا ئېسىلىدۇ. ھىمىت ھاجى ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ كارنىيىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىۋېتىدۇ. ئىككىسى ياقىلىشىپ، سۆرىشىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۆيدىن شاراپەت خېنىم بىلەن ئايشەم خېنىم بىر پەلتۇنى تەڭ تۇتۇپ سۆرىشىپ چىقىدۇ. ئىككىسى پەلتۇنى ئۇيان تارتىشىپ بۇيان تارتىشىپ، يىرتىۋېتىدۇ. ئۇلار قولىغا پەلتۇنىڭ قانچىلىك پارچىسى چىقسا، شۇنچىلىكنى ئۆزىنىڭ دۈۋىسىگە تاشلايدۇ. ئاخىرى ئۇلار چوڭ - كىچىك پارچىلارنى تالىشىپ چاچلىشىپ كېتىشىدۇ. ھىمىت ھاجى بىلەن ئابدۇرېھىم ھاجى باش - كۆزلىرىنى يېرىشىپ، مۇشتلاشقان ھالدا سەھنىگە كىرىدۇ - دە، پومداقلىشىپ يەرگە يىقىلىدۇ. ھىمىت ھاجى يېنىدىن پىچاق چىقىرىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى قولىغا كالتەك ئالىدۇ. سابىر ھاجىم بېشىغا مۇشتلاپ، قولىقىنى تۇتۇپ، ئەتراپقا قاراپ: داد-پەرياد قىلىدۇ. مۇزىكا شىددەتلىك ئەۋجىگە چىقىدۇ. بىر توپ قېرى-ياش، ئەر - ئايال، قولۇم - قوشنىلار سەھنىگە كىرىپ ئۇلارنى ئاجرىتىدۇ. ئۇلار ھەدەپ تىپچەكلەپ، بىر - بىرىگە ئېتىلىپ، خىرىس قىلىشىدۇ. سابىر ھاجىم ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاللاغا نالە قىلىۋاتقاندا پەردە چۈشىدۇ.)

## 2 - پەردە

(ۋاقتى: ياز، ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ ھويلىسى سۇپىدا ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ بىر توپ ئاغىنىسى ھاراق سورۇنى تۈزەپ ئولتۇرۇش قىلغان ھالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ. داستىخانغا گۆش، كاۋاپ، ھەرخىل مېۋە، ئېسىل يېمەك - ئىچمەكلەر تىزىلغان. ئابدۇرېھىم ھاجى ھاراق قۇيۇپ رومكا ئايلاندۇرغاچ ئاغىنىلىرىنى يەپ - ئىچىشكە زورلايدۇ. پوزۇر ياسانغان ئايشەم خېنىم ئۇياقتىن - بۇياققا قاتراپ مېھمانلارغا نەرسە - كېرەك توشۇيدۇ، مەست D دۇتار چېلىپ، ناخشا تۇۋلىماقتا.)

لاچىن سوققان توشقاننىڭ،
جاڭگالدا ئۇۋىسى بار.
مېنىڭدەك مۇساپىرنىڭ،
بۇ يۇرتتا نېمىسى بار.
ۋاي ئانارگۇل
بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىب يولىنى باغلار.
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىبقا غېرىب يىغلار.
ۋاي ئانارگۇل.
ئاھ دەيمەن، خۇدا دەيمەن،
خۇدا يەتكەيمۇ ھالىمغا.
خۇدا يەتكەندە ھالىمغا،
ئەجەل يەتكەيمۇ جانىمغا.
ۋاي ئانارگۇل.

(ناخشا توختايدۇ)

**مەست A**: ئىچە ئاداش، خوشە. بۇ دۇنيادا بىزگە قالغان خۇشاللىق مۇشۇ، ئىچە.

**مەست B**: ئاغىنىلەر، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى بىزگىمۇ ئابدۇرېھىم ھاجىغا كەلگەندەك تۆپە تاشتىن بىر كومزەك ئالتۇن بىلەن ئايۋان ساراي كەپقالسا، بىزمۇ دۇنيا مېنىڭ دەپ ياشايمىز. مانا قاراڭلار، مۇشۇ بىز بىلمەيدىغان ئابدۇرېھىم ھاجىمما؟ گادىسى يىغىپ قويغانغا ئىگە بولۇپ، مېڭىشى پاپىدادا، يېنىدا گەپ ئۇقۇدىغان گېرمانىيە ئاپشاركىسى...

**مەست A**: ئاداش، ئابدۇرېھىم ھاجىم 13 مىڭ يۈەنگە ئىت ئاپتۇ، دېسە ئىشەنمەپتىكەنمەن. راست ئوخشىمامدۇ؟

**مەست B**: قاچانقى گەپنى قىلىۋاتىلا دەيمەن. ئۇ دېگەن كونا گەپكە ئايلىنىپ

قالدى. هازىر ئۇچۇر دەۋرى دەيمەن. قۇ-
لاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، كۆزلىرىنى يوغان
ئېچىپ، جاھاندا نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ،
بىلىپ گەپ قىلساڭلا دەيمەن.

مەستA: ئابدۇرېھىم ھاجىم ئاداش،
خۇدانىڭ ئالدىدا كۇپۇرلۇق بولمىسۇن،
ھەر قانچە بولسىمۇ 13 مىڭ يۇەنگە ئىت
ئېلىپ، ئۇنىڭغا سۈت - تۇخۇم، توخۇ گۆ-
شى بېرىپ باققىنىڭلار بەك ئېشىپ كېتىپ-
تۇ دەيمەن. هازىر ئۇنداق دېسە ئىشەنمەي-
سىلە، ئاي، يىلدا بىر ەر قېتىم سۈت -
شېكەر كۆرمەيدىغان، ھەپتىدە بىر ەر قېتىم
ئۇچەي كاۋىپى يەپ گۆش يېدىم دەپ يۈ-
رىدىغان كۆرمىڭ ئادەم بار، مۇشۇلارمۇ
سىلەر بىلەن بىزگە ئوخشاش خۇدا يارات-
قان ئادەملەر دەيمەن.

مەست C: ئۇ گېپىڭلىغۇ راست. ئۇ ئىت-
نى ھېلىغۇ 13 مىڭ يۇەنكەن، ئۇنىڭدىن
چىقىراق پۇلغىمۇ ئالغۇچىلىكى بار دەيمەن.
كۆرسەڭلار ھەيران قالىسىلەر. ئادەم نېمە
دېسە بىلىدۇ. نېمە ئىشقا بۇيرۇسا شۇنى
قىلىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجىمنىڭ ئاتىنىڭ كالل-
سىدەك ئالتۇنى بار دەپ ئېغىزغا چىقىپ
قالدى، دوست - دۇشمەنلىك بولۇپ قالدى.
ئۇ ئىتنى باقمىسا بولمايدۇ. ئالتە شەھەر
بويىچە بەش خورازنىڭ بويىنىنى سۇندۇ-
رۇپ داڭقى چىققان مىڭ بەش يۈزكويلۇق
خوراز بىلەن ئۈچ مىڭ كويلۇق ئالاقوچ-
قارمۇ پۇلنىڭ كۈچى بىلەن مۇشۇ ئاداشنىڭ
قولىغا ئۆتتى دەيمەن. ھازىر بۇ ئاداش بىر
جۈپى يىگىرمە بەش مىڭ يۇەنلىك پوچتا
كەپتىرى ئېلىشقا يول مېڭىۋاتىدۇ دەيمەن.

مەست A: بوپتۇ ئاداش، جاھاننىڭ را-
ھىتى سىلىدىكەن. بىزدە پادىشاھ يوق دې-
سەم، پادىشاھدەك ياشاۋاتقان ئادەم بار
ئىكەن، خوشە.

ئابدۇرېھىم ھاجى: (ئۇنلۇك ئۇلۇغ - كې-
چىك تىنىپ، ئۇھ تارتىدۇ) خاپىلىقىممۇ
ئاز ئەمەس دەڭلا ئاغىنىلەر. كۆڭلۈم خۇش
بولارمىكىن دەپ ئۇنى - بۇنى قىلىۋاتىمەن.
پۇلنىڭ كۈچىگە تايىنىپ مۇشۇ زېمىندا
نېمە قىلىشقا بولسا، شۇنى قىلىپ باقتىم،
يەنىلا كۆڭلۈم خۇش بولمىدى. مۇشۇ ۋەج-
دۇنيا توغرىسىدىن ھېمىت ھاجى دېگەن
قارا يۈز بىلەن ئادا - جۇدا، قىيامەتلىك
دۇشمەن بولۇشۇپ كەتتۇق. بىزنى سورى-
مىغان چوڭ - كىچىك ھۆكۈمەت، سوت
قالمىدى.

مەستB: دۇشمەنلىشىش غەرىزىڭلار زادى
نېمە؟

ئابدۇرېھىم ھاجى: ئالتۇننى مەندىن جىق
ئېلىۋالدى. ئۆيدىكى پۇلغا يارايدىغان نەر-
سىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋالدى. ئۆيىنى
بۇلۇشكەندە ماڭا تېگىشلىك يەرگە بىر غې-
رىچ كىرىۋالدى دەيمەن. يەنە تېخى دادام-
نىڭ ئالتۇن - يامبۇسىنى ئابدۇرېھىم جىق
ئېلىۋالدى، ھويلىدىكى بىر ئايۋاننى بەر-
مىدى، ئۇنى قىلىۋېتىمەن، بۇنى قىلىۋېتى-
مەن دەپ مېنى قەستلەپ يۈرۈيدۇ. ئۇنىڭ
قورسىقىدىكى جىننى مەن ناھايىتى ئوبدان
بىلىمەن. ئادەم ئاچكۆز بولسا ئىنساب، ئې-
تىقاد، پەزىلەت، ۋىجدان، نومۇس، ھايا،
مېھرى - شەپقەت دېگەنلەر يوقىلىپ، كۆزى-
گە مال - دۇنيا تەمەسىدىن باشقا ھېچنې-
مە كۆرۈنمەيدىغان گەپكەن. ھازىر ئۆيىنى
پۈتۈن ئالىمەن دەيدۇ.

مەست S: ئۆيىنى پۈتۈن ئالىمەن دېسە
سېتىپ بەرسەڭ بولمامدۇ. ھازىر بىر شەھەرگە
سىغمىغان ئاكا - ئۇكا بىر ھويلىغا ھامان
سىغمايسىلەر.

ئابدۇرېھىم ھاجى: ئۇنى سەن بىلمەيسەن،
مەن بىلىمەن. ھېمىت بىر تىيىن بەرمەي
پۈتۈن يەر - جاينى ئالىمەن دەيدۇ. ئۇ-
نىڭغا جېنىمنى بەرسەم بېرىمەنكى (ئورنىدىن

تۇرۇپ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ.) بىر غېرىچ يەرنى بەرمەيمەن.

مەست A: ئۆينى قالداق قىلىۋاتىسىلەر. ھازىر ھاجىم ئاكام باردۇ؟

ئابدۇرېھىم ھاجى: دادام ساق چاغدا ئۇ ئۆيدە دادام ئولتۇرغان. ھىممەت دېگەن بەتنىيەت ماڭا تەگكەن ئۆينىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىنى چاناپ، ئۆلىنى كولاپ خاپا قىلدى. نومۇس قىلمەن جۇمۇ ئاغىنىلەر. مەن تارتقان دەردكە سىلەر قالساڭلار چىدىمايسىلەر. سەن قىلغاننى مەن قىلمامدىم دەپ ئۇ قارا كۆڭۈلگە تەگكەن ئۆينىڭ تېمىنىڭ ئۆلىنى كولاپ سۇ قويۇپ بەردىم. تام ئۆرۈلۈپ دادامنى بېسىۋالدى دېمەمسىلەر.

مەست B: ھاجىم ئاكامنىڭ ئۆلۈمىنى بىزگە خەۋەر قىلماپسىلەر...

ئابدۇرېھىم ھاجى: كىم سىلەرگە دادامنى ئۆلدى دەپتۇ. ئۇ ھازىرمۇ كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرۈۋاتامدۇ. سىلەر دېگەندەك بولسىغۇ ئۆزىگىمۇ، ماڭىمۇ مۇشۇ كۈن يوقتى. شۇنىڭدىن تارتىپ پالەچ بولۇپ، يېگەن-ئىچكىنىنى، تەرەت قىلغىنىنى بىلمەي ياتمامدۇ.

مەست S: ئاپلا، بولماپتۇ. ئۇ ئادەمنى يالغۇز تاشلىغىلى بولمايدۇ. رەسمىي قارا كۆڭۈلكەنسىلەر. ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقىۋاتقان ئادەمنى بىكاردىن بىكار تامغا باستۇرۇپ، ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىلىقىدا ئاشۇ ئۆيدە يالغۇز قويدۇڭلىمۇ؟

ئابدۇرېھىم ھاجى: نەدىكى گەپنى قىلىسەن. ئۇ يەردە ئادەم ئولتۇرغۇدەك ئۆينىڭ ئاينى قالمىدى دېمەمسەن. ئاۋۇ بەتنىيەت كېلىپ ماڭا تەگكەن ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىپ، چېقىپ تۈزلىۋەتكىلى قوپتى. مەن بېرىپ، مانا ئەمسە، دەپ ئۇنىڭغا تەگكەن ئۆيلەرگە ئوت قويدۇم. ساقچىلار كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرۈپ، ھەر ئىككىمىزنى جەرىمانە بىلەن 15 كۈندىن قاماققا ئېلىپ چىقىرىۋەتتى. سوت ئۆينى پىچەتلەپ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ كىرىشىنى چەكلىدى.

مەست S: داداڭلارچۇ؟

ئابدۇرېھىم ھاجى: (يەنە ئورنىدىن چاچرىلىپ تۇرۇپ، قوللىرىنى چىشلەپ، ھاراقنى بوتۇلكا بىلەن كۆتۈرۈپ ئىچىدۇ. ھەممە مەستلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالىدۇ) ئىككى يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭمۇ جېنى ئىتنىڭ جېنىدەك قىينالدى. يا بۇ جان چىقمىدى. 15 كۈن ئاۋۇ دەيۈزنىڭ ئۆيىدە تۇرسا، 15 كۈن ماۋۇ ئۆيدە تۇرىدۇ. يا تويغىنىنى بىلمىسە، يا ئاچقارغىنىنى بىلمىسە. ئازابكەن باللار، بۇ ئازابكەن. يا گەپ قىلالمايدۇ. كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ تۇرىدۇ. بەزىسە يەيدۇ. چىدىماق تەسكەن. ھۇ - ھۇ - ھۇ. (ئايال كىشىدەك ھۆكۈيتۈپ يىغلايدۇ. مەستلەرنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، داستىخاندىن قالايمىقان ئاتلاپ، ئۇڭ - تەتۈر دەسسەپ بىر - بىرىگە ئېسىلىپ كاللەك بولۇپ يىغلىشىدۇ.)

مەستA: (قوپتىن ئايرىلىپ يىغلاۋاتقانلارغا بىردەم ھاڭ بېقىپ قاراپ تۇرۇپ، ۋارقىرايدۇ.) سەۋرى قىلىڭلار... سەۋرى قىلىڭلار. توختاش (قورۇق بوتۇلكىدىن بىرنى ئېلىپ يەرگە ئۇرىدۇ. ھەممە مەستلەر چىپپىدە توختايدۇ). بىز يىغلىغىلى كەلمىدۇق. تىلىتىۋاتقان دەردىمىزنىڭ قايسىبىرىگە يىغلاپ بولىمىز. ناخشا ئېيتىمىز، ئۇسسۇل ئوينايمىز. ھازىردىن باشلاپ ھېچكىمنىڭ دەرد تۆكۈشىگە، يىغلىشىغا رۇخسەت يوق. ھەي لاۋزا، دۇتارىڭنى شوخ پەدىگە چال، ناخشا ئېيت. ئۇسسۇل ئوينايمىز. كىم يىغلىسا، ئۇسسۇل ئوينىمىسا، چىنىدە ھاراق ئىچىدۇ. (مەست D دۇتار

چالىدۇ. مەستلەر ئۇلۇغ - تەتۈر دەسسەپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.)

(ئايشەم خېنىم مەينەت، كىر بېسىپ، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، پاخپايغان سابىر ھاجىمنى پالەچ ھارۋىسىدا ئېلىپ كىرىدۇ)

**ئايشەم خېنىم:** (تەنە - تەئەددىي بىلەن) مانا، قىممەتلىك - ئەزىز مېھمان كەلدى، قارشى ئالسىلا. (ناخشا - ئۇسسۇل توختايدۇ. ھەممە مەست - ئەلەسلەر خۇنۇك كۆزى پارقىراپ، بىچارىلەرچە ئولتۇرغان سابىر ھاجىمغا ھەرخىل سايىق ھالەتتە قاراپ قېلىشىدۇ.)

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** (چىچاڭشىپ ئايالىغا ۋارقىرايدۇ) كەيپىمىزنى ئۇچۇرۇپ، نېمىدەپ بۇ يەرگە ئېلىپ كىرىسەن؟ ئۆزى تۇرىدىغان ئۆيگە ئەكىرىپ، ياتقۇزۇپ قويساڭ بولمامدۇ؟!

**ئايشەم خېنىم:** (قوللىرىنى شىلتىپ، سوزۇپ، ۋارقىراپ سۆزلەيدۇ) ئاۋۇ دەيۈزلەر ئەكەتكىلىچۇ ئەمدى تېخى ئون ئۈچ كۈن بولدى. بۇ يەرگە ئەكىرىپ تاشلايدىغانغا يەنە تېخى ئىككى كۈن بار. ساق ئون بەش كۈننى توشقۇزماي تۇرۇپ نېمىدەپ بۇ يەرگە ئەكىلىپ تاشلايدىكەن. پوق - سۈيدۈكتىن ئۇ يانى ئاربىيا زېرىككەن بولسا، مەن زېرىكمەمدىكەنمەن. ئىككى يىلنىڭ بېرىچۇ، پوق - سۈيدۈك ئاستىدا قېلىپ، ئون يىللىق قېرىپ، بېشىمغا ئاق، يۈزۈمگە قورۇق چۈشتى. ساق ئون بەش كۈن بولمىغىچە قولۇمغا ئالمايمەن. سىلىگە ئەكىرىپ بەردىم، ئاپىرىپ بېرەملا، باقاملا، ئۆزلىرىنىڭ ئىشى. ماڭا ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە بەرسىلىمۇ كېچىكىپ قالمايدۇ. نېمە يېسەم پوق - سۈيدۈك پۇراپ، ئەمدى تېخى كۆڭلۈم تاماق تارتمايدىغان بولغان. ماڭا يەنە كەلدى ئەمدى. كىچىك تۇرۇپ نېمە تارتقۇلۇق بۇ ماڭا (ھۆ تارتىپ يىغلىغانچە چىقىپ كېتىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى ھاراقنى بوتۇلكا بىلەن كۆتۈرۈپ يەنە بىر ئىچىدۇ. دەلدۈگۈنۈپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ)

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** دادا ... جېنىم دادا، قارار توشماي تۇرۇپ نېمىشقا قايتىپ كەلدىلە. مەن باللىرىنىڭ جېنىنى مۇنداق قىينىمىسىلا بولمامدۇ دادا... مىراسنى ئۇ دەيۈزگە بەرگىچە ماڭىلا بەرگەن بولسىلا تامىمۇ ئۆرۈلمەيتتى. سىلىمۇ، مەنمۇ بۇ كۈنگە قالماي خاتىرجەم يەپ - ئىچىپ، سىلى مەسچىتلىرىگە چىقسىلا، مەن تاماشارىمنى قىلسام بولماتتى. مىراسنى ئىككى ئۆيگە بۆلۈپ بېرىپ، مانا ئەمدى بىردەم ئۇ ئۆيدە، بىردەم بۇ ئۆيدە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈيلا. سىلىنىڭ سەۋەبلىرىدىن خوتۇنۇمنىڭ ئالدىدا تىلىم قىسقا. نېمىشقا بالدۇر كەلدىلە. ئىككى كۈنگىچە خوتۇنۇم سىلىنى باقمايدۇ. مەن باقامدىمەن؟! دادا، ئۇ مۇناپىقلار سىلىنىمۇ، مېنىمۇ بوزەك قىلىپ نېمىشقا ئىككى كۈن بۇرۇن سىلىنى ئەكېلىپ قويىدۇ؟ بوپتۇ، بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى، مەشەدە بىز بىلەن تۈنىسىلە. ئەتە گەنلىككە ئاپىرىپ قوياي. (سابىر ھاجىمنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ، بارمايمەن دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقايدۇ) نېمە، بارمامدىلا؟ مال - دۇنيانىڭ تولىسىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئەمدى سىلى مېنىڭ ئۆيۈمدە جىق تۇراملا. بۇنداق ئادەم نېمىشقا ھەممىنى ماڭا بەرمىگەن. سىلىنى ئەمدى مەن جىق باقامدىمەن. ئاۋۇ تۈزكورمۇ مېنى بوزەك قىلسا، سىلىمۇ مېنى بوزەك قىلاملا. ھەممىڭ مېنى بوزەك قىلىشامسەن (ئابدۇرېھىم ھاجى ھاراقنى يەنە ئىچىدۇ. مەستلەر ئۇنىڭغا ئىسىلىۋالىدۇ).

**مەستA:** راست، سېنىڭ ھېلىقى ئەپەندىچاق ئاكاڭ داداڭنى نېمىشقا باقمايدۇ؟

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** (يىغلاپ) ھەممىسى مۇشۇ قېرىنىڭ ئىشى. ئۆزى مىراسنى ئۇ

تۇڭگۇزغا بەرمەيدى. ئۇ دائىم كېلىپ، ئەكىتىپ باقاي دېسە، بارغىلى ئۇنىماي، مەسراس ئالغان دەپ ئىككى ئۆيگە بارىدۇ. ئۇنىڭكىگە بارمايدۇ.

**مەست** B: راست، قولىدا بار چاغدا ئۇنى قوغلىۋەتكەن، ئەمدى بارالمايدۇ - دە.

**ئابدۇرېھىم ھاجى**: بوپتۇ، مەن بوزەك، مېنى بوزەك ئېتىڭلار. سىلىنى مەن باقاي، مېنىلا قىيناپ ئۆلتۈرسىلە. (بوۋاي ئاغزىنى ئېچىپ ئاسمانغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دەپ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلىدۇ.)

**ئابدۇرېھىم ھاجى**: ئازابلانمىسىلا دادا، ئازابلانمىسىلا. سىلىمۇ خۇشال بولسىلا. مانا بۇ سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىنى كۆتۈرىدىغان نەرسە. (قولىدىكى بوتۇلكىنى دادىسىنىڭ ئاغزىغا تەڭلەيدۇ. ھەممە مەستلەر كېلىپ ئېسىلىۋېلىپ، بوتۇلكىنى تارتىشىۋالىدۇ.)

**مەستلەر**: ھەي، ھەي، تاپتىن بەك چىقىپ كەتتىڭ جۇمۇ. نومۇس قىل، نومۇس.

**مەست** A: پۇلى جىق ئادەمنىڭ ھەممىسىلا ئەقىللىق بولمايدىكەن - دە.

**مەست** B: پۇل كۆپەيگەنچە ئەقلى كېچىكىسىگە ئۆتۈپ، پۈتۈن دۇنيا كۆزىگە پۇل كۆرۈنىدىغان گەپ.

**مەست** S: بۇ جاھان — ئۆتنە جاھان. بىچارە، قىلغانلىرىنى تارتىۋاتقاندۇ.

**مەست** D: ھەي، باكا جۇمۇ. ماۋۇ — سېنىڭ داداڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاجىم ئادەم. ھېلى باكا مەن ئەكىتىمەن. مەن باقاي. دادامدىن كەچتىم دە دېسەم تېرىكىپ قالىسەن.

**ئابدۇرېھىم ھاجى**: پو سۆزلەشمە، تۆت كۈندە سەنمۇ تويۇسەن. نوچى بولساڭ تۆت كۈن بېقىپ باقە قېنى، ياخشى ئاغىنەم دەيمەن. ھۆ (دادىسىنىڭ مەيدىسىگە قۇسۇۋېتىدۇ).

**مەست** D: قويۇڭلاۋا ئاغىنىلەر. سىلەرنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم. دادىسىدىن تانغان مۇشۇنداق نامەرد، خۇمسىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئاغىنەم بار دەپ ئېلىپ كەلدىڭلىمۇ مېنى. ئىست، سەندەك نېمە بىلەنمۇ بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تۇز يەپتىمەن. (مەست D قولىدىكى دۇتارنى تاراڭلىتىپ تاشلىۋېتىپ چىقىپ كېتىدۇ. قالغان مەستلەر ئېسەنكىرەپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى يىغلايدۇ)

**ئابدۇرېھىم ھاجى**: مېنى بۇ دۇنيادا كىم چۈشىنەر، زادى كىم چۈشىنەر؟!

**مەست** B: ئاداش، سېنى بىز چۈشىنىمىز دەيمەن. خاپا بولما، ئۇ لاۋزىنىڭ گېپىنى پالانى نېمىگە ھېساب دەپ قويۇپ بىز بىلەن ئولتۇرۇشۇڭنى بىلە.

**مەست** A: ھەر كىم ھەر نېمە دېھدۇ، دەرد كەلمەيدۇ بىلمەيدۇ، دېگەن شۇ - دە.

**مەست** S: بىز يەنە ناخشىنى دۆڭ تۇۋلاپ، ئۇسسۇلىمىزنى ئويناۋېرىمىز. ھاجىم ئاكامۇ كۆرۈپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس (مەست S دۇتار چېلىپ، ئالا - تاغىل تۇۋلاپ ناخشا ئېيتىدۇ.)

ئوتتۇڭدا مەن، كويۇڭدا مەن.
ھەر دوقمۇشتا — يولۇڭدا مەن.
ھەي دادەي

(مەستلەر ئوك - قەتۇر تۇۋلاپ تەڭكەش بولۇپ، ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجىمۇ ئوينايدۇ.)

ئاخشام باۋسىلىم مەلەڭگە
چىمەندەگۈل،
ئاچاڭ قوپتى لەغمەنگە
چىمەندەگۈل.
لەغمىنىڭنى يېمەيمەن
چىمەندەگۈل،
قورسىقىم تويدى مەنتەڭگە
چىمەندەگۈل.

(ئۆيگە مەست D نىڭ باشلىشىدا ئابدۇكېرىم ھاجى، رەشىدەلەر ئالدىراپ كىرىپ

كېلىدۇ. ئابدۇكېرىم ھاجى يىغلاپ ئولتۇرغان دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مەيدىسىدىكى قوسۇقىنىڭ بوسىدىن ئەندىكىپ كېتىدۇ.)

**مەست D:** بۇ كىشى سىلىنىڭ دادىلىرى بولامدۇ؟ (ناخشا - ئۇسسۇل توختايدۇ) سىلى مۇئەللىمكەنلا، ۋىجدانلىرى بولسا، ماۋۇ بىچارە ئادەمنى بۇ دوزاختىن قۇتقۇزسىلا.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** دادا ... (سابىر ھاجىمنىڭ ئالدىغا تىزلىنىدۇ) مەن ئەقىلسىز ئوغۇللىرىنى كەچۈرسىلە.

**رەشىدە:** ۋاي جېنىم دادام. (يىغلاپ) بۇ نېمە ئىش ئەمدى (يانچۇقىدىن قولياغلىق ئېلىپ سابىر ھاجىمنىڭ مەيدىسىنى سۈرتىدۇ. ئابدۇكېرىم ھاجى دادىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىدۇ.)

**ئايشەم خېنىم:** (كىرىپ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ) نەچچە ۋاقىتتىن نەدە قالغان كۆيۈملۈكلەر بولغىيتتى.

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** (چاچراپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ) ئاغزىلىرىنى يىغىشتۇرسىلا. ئابدۇرېھىم ھاجى! بۇ سېنىڭ دادامغا قىلغان مېھرى - شەپقىتىڭمۇ؟

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** (دۇدۇقلاپ) قاد... قانداق قىلسام بولاتتى ئەمىسە. (گەپ شۇ يەرگە كېلىشىگىلا ئابدۇكېرىم ھاجى ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى ئاكىسىغا ئېتىلىدۇ، مەستلەر تۇتۇۋالىدۇ.)

**ئايشەم خېنىم:** چوپچوڭ ئادەمنى خەقنىڭ ئالدىدا ئۇرۇۋدىغان نېمە ھەققىلىرى بارتى (چىرقىراپ ئابدۇكېرىم ھاجىغا ئېتىلىدۇ. مەست D ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ.)

**مەست D:** ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، بۇ ئاكا - ئۇكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، سىلىنىڭ ئارىلىشىدىغان ھەققىلىرى يوق.

(رەشىدە ئابدۇكېرىم ھاجىنى تارتىشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭىدۇ. ئابدۇكېرىم ھاجى دادىسىنىڭ ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ بۇرۇلۇپ)

**ئابدۇكېرىم ھاجى:** ئايشەم خېنىم، ئەمدى دادامدىن ئالىدىغان مال - دۇنيا قالمىغاندىكىن، دادامنىڭ سىلىگە لازىمى قالمىدى. ئابدۇرېھىم ھاجى ئاڭلا، سېنىڭ ئالدىڭدا بۇنداق خارلىققا چۈشۈپ قالغان دادا يوق. بۇ جاھان — ئۆزۈن جاھان. ھېمىت ھاجى بىلەن سېنىمۇ كۆرىمىز. شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، بىزنىڭمۇ دادىمىز بولغان بولغىيمىتتى، دەپ قالىسىلەر. ئۇ چاغدا ئىزدەپمۇ تاپالمايسىلەر. ئەمدى دادامنى كۆرەمەنمىكىن دەپ خام خىيال قىلىشما.

(ئابدۇكېرىم ھاجى، رەشىدە، مەست D لەر چىقىپ كېتىدۇ.)

**ئايشەم خېنىم:** ۋاي، كۆرىمىز تېخى، تۆت كۈندە ئەكىلىپ قويمىغىنىنى.

(پەردە چۈشىدۇ.)

## 3 - پەردە

(ھېمىت ھاجىمنىڭ ھويلىسى، ياز، كەچ. ھېمىت ھاجى بىر توپ ئوفرى - قىمارۋازلار بىلەن شېرىن سۆھبەتتە ئولتۇرغان ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ. داستىخانغا ھەر خىل تاۋۇ - نېمەتلەر تىزىلغان. پەيلى بۇزۇق، قورقۇنچلۇق ئادەملەر سۈرلۈك ھالەتتە ئولتۇرۇشۇپ، يەپ - ئىچىشمەكتە. بىر تەرەپتە بىر مۇقامچى ساتار بىلەن «چارىگاھ» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئورۇنداپ ئىشتەي نەغمىسى قىلىپ بېرمەكتە. مۇقام ئاۋازى ياڭراپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانماي، ھەر خىل قىياپەتتە بىر - بىرىگە تەكەللۇپە ئىشارەت بىلەن مۇڭداشقان قىياپەتتە ئولتۇرىدۇ. مېھمانلار ئۆزۈن لوڭگىدە قول - ئېغىزلىرىنى سۈرتكىلى تۇرغاندا مۇقام مۇقەددىمىسى ئاخىرىغا كېلىدۇ. ھېمىت ھاجى خىزمەت قىلىۋاتقان بالىنى ئىشارەت قىلىدۇ. بالا پەتنۇسقا قويۇلغان زەللە،

رەخت، پۇلنى ئەكىلىپ مۇقامچىغا تەڭلەيدۇ. مۇقامچى مۇقام ئېيتىشتىن توختاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، رەھمەت - تەشەككۈر بىلەن نەرسىلەرنى ئېلىپ قوينىغا سالىدۇ.)

**ھىممەت ھاجى:** (ئورنىدىن قىمىرلاپ قويۇپ) ھە، ئاۋارە قىلدۇق. رەھمەت ئۆزلىرىگە. بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق كۆڭلىمىزدىكى مېھمانلىرىمىز كېلىپ قالغاندا، «ھايت» دەيمىز، كېلىپ ساز قىلىپ بېرەلا.

**مۇقامچى:** خۇدا بۇيرۇسا. رەھمەت.

**ھىممەت ھاجى:** (خىزمەتچى بالىغا ئىشارەت قىلىپ) ئاكائىنى ئۇزىتىپ قوي.

**مۇقامچى:** (ساتارىنى ئېلىپ، ھىممەت ھاجىغا ئېگىلىپ) خوش، خۇداغا ئامانەت، ھاجىم.

**ھىممەت ھاجى:** خۇداغا ئامانەت.

(مۇقامچى چىقىپ كېتىدۇ.)

**مېھمان A:** ئەمىسە داستىخانغا دۇئا قىلىپ، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەمدۇق.

**ھەممە مېھمان:** شۇنداق، شۇنداق قىلىلى.

**مېھمان B:** (ھىممەت ھاجىغا خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ) ھە... ھاجىم ئاكام — ھەممىمىزنىڭ شەپقە تچىسى ھاجىم ئاكام دۇئا قىلىپ بەرسۇن.

**مېھمانلار:** (ساختا كۈلكە، ھىجىيىشلار بىلەن) راست زادى، بۇ يەردە ھاجىم ئاكامدىن باشقا دۇئاغا لايىق ئادەم يوقتە.

**ھىممەت ھاجى:** ھە قېنى، ھەر قايسىڭلار مېھمان. مېھماندىن كەلسۇن.

**مېھمان S:** ياق، ياق، ياق، ئۇنداق بولامدىغان. سىلىدىن كەلسۇن، سەت تۇرىدۇ دەيمەن.

**ھىممەت ھاجى:** (ھاكاۋۇرلۇق بىلەن) قېنى ئەمىسە، ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر.

**مېھمان D:** قېنى ئەمدى باياتىنقى رەسمىي گېپىمىزنىڭ داۋامىغا كېلەيلى. ھەممىمىز ئۇنى دېدۇق، بۇنى دېدۇق، يەنىلا خۇدايىم مال - دۇنيا، دانالىقنىمۇ ھاجىم ئاكامغا ئايىماي بېرىپتىكەن. بىز يەنە مۇشۇ زاتنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھورغا قاراپ ئىش تۇتمىساق بولمايدۇ جۇمۇ. قانداق دېدىم؟

**مېھمانلار:** (بىر ئېغىزدىن) راست، زادى راست دېدىلە. ھاجىم ئاكام نېمە دېسە بىز شۇ.

**مېھمان S:** ھازىرغىچە ھاجىم ئاكام سىزغان سىزىقتىن چىقماي، ئىش - ئوقەتلىرىمىز ئوبدان يۈرۈشتى.

**مېھمان D:** بىز ھازىرلا ئەمەس، ئۆلگىچە ھاجىم ئاكامنىڭ پېشىدە ناماز ئوقۇيمىز جۇمۇ.

**مېھمان A:** ئەمىسە ھاجىم ئاكامنىڭ گېپىنى ئاڭلىمامسىلەر، بىز بۇ يەرگە كىرگىلى خېلى بولدى. ھاجىم ئاكامنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئاڭلاپ ئاستا يولىمىزغا راۋان بولىلى. ھاجىم ئاكاممۇ ئارام ئالسۇن، بەك ھېرىپ كەتتى.

**مېھمانلار:** راست. گەپنى زادى ھاجىم ئاكام باشلىسۇن.

**ھىممەت ھاجى:** (ئىزىدا قىمىرلاپ، ئىنجىقلاپ) شۇنداق قىلىمىزمۇ ئەمىسە. (ھەممىسى چۇرقىرىشىپ قوللايدۇ) ھەي، قايسىڭ بار؟! (توۋلايدۇ، خىزمەتكار بالا پەيدا بولۇپ يېنىدا قول باغلاپ تۇرىدۇ. ھىممەت ھاجى بالىنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلايدۇ. بالا ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، پەتنۇستا پېچەتلەپ تىزىلىپ قويۇلغان پۇللارنى ئېلىپ چىقىپ ھىممەت ھاجىنىڭ ئالدىغا ھۆرمەت بىلەن قويۇپ سەل چېكىنىپ، قول باغلاپ تۇرىدۇ. ئولتۇرغانلار كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، تۈكۈرۈكلىرىنى يۇتۇپ، بويۇنداپ پۇلغا قارايدۇ. ھىممەت ھاجى

ئالدىرىماي ھەر بىر مېھماننىڭ ئالدىغا بىر بولاقتىن پۇلنى ئىتقا سۆڭەك تاشلىغاندەك كەمسىتىش، ھاكاۋۇرلۇق نەزەرى بىلەن تاشلايدۇ. ھەر بىر مېھمان ئالدىغا تاشلانغان پۇلنى ئاچكۆزلۈك بىلەن كۈچۈكلىنىپ تۇرۇپ ئېلىپ دەرھال يانلىرىغا سېلىشىپ، تولىمۇ بىچارە ھالەتتە ھەممەت ھاجىنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇشىدۇ. ھەممەت ھاجى ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.)

**ھەممەت ھاجى:** يەنە دېسەك يەنە شۇ گەپ: مىراس ئىشىدا ئۇ مۇناپىق مېنىڭ يۈز - ئابرويىمنى تۆكۈپ، يۈرىكىمنى زەردە قىلىۋەتتى. بىر يىلدىن بېرى سىلەرگە خەجلىگەن پۇلنىڭ يېرىمىنى قاتىلغا بەرسەم ئابدۇرېھىم دېگەن گۇي ئاللىقاچان يەرنىڭ تېگىدە سېسىپ تۈگەيتتى. مېنىڭ ئۇنى ئۇنداق ئاسانلا خاتىرجەم قىلغۇم يوق. (كۆزلىرى ياۋۇزلىشىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ) مەندىن مال - دۇنيا تالىشىپ يۈزۈمنى تۆككەن ئۇ مۇناپىقنىڭ تالاشقان مال - دۇنياسىنى قۇرۇتۇپ، ئۆزىنى ماكانسىز، كوچىدا نان تىلەيدىغان دىۋانىغا ئايلاندۇرۇپ، خارۇ - زارلىق ئىچىدە ئۆلۈكىنى كوچىدا كۆرگۈم بار. شۇ چاغدا ئاندىن دەردىم چىقىپ، كۆڭلۈم تىنىدۇ.

**مېھمان A:** (ئورنىدىن تۇرۇپ خۇشامەت بىلەن) ماقۇل قارىسىلا ھاجىم ئاكا. سىلىنىڭ ھىممەتلىرى بىلەن بىر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ مال - دۇنياسىنىڭ يېرىمىدىن جىقىنى ئۇتۇپ بولدۇق دەيمەن. شۇنداقمۇ - ھە. (باشقىلارغا قاراپ ۋارقىرايدۇ) گەپ قىلىشمايسىنا.

**مېھمان B:** (ئورنىدىن تۇرۇپ) مانا مەن ئىت تالاشتۇرۇشتىلا قىرىق مىڭنى يۇلدۇم.

**مېھمان S:** خوراز سوقۇشتۇرۇشتا ئۇنىڭدىن يۇلۇۋالغىنىم ئاتمىش يەتتە مىڭ دەيمەن.

**مېھمان D:** ئەيجىكى بىلەن يۇلغۇلۇم توقسان مىڭ ئەمەسمۇ.

**ھەممەت ھاجى:** بولدى، بولدى، مەلدىن تالاشقاندىكىن خوپ بولدى. ساڭىمۇ يوق، ماڭىمۇ يوق. ھەر قايسىڭلار خەجلىسەڭلار مەن رازى. ماڭا تەگمىگەن مال - دۇنيانىڭ ئۇنىڭ قولىدا تۇرۇشىغا رازى ئەمەسمەن.

**مېھمان B:** خاتىرىلىرىنى جەم قىلىسىلا، ئۇنىڭ قولىدا تايىنلىق بىر نېمە قالدى. بىر - يا ئىككى سورۇندا يىغىشتۇرىمىز.

**ھەممەت ھاجى:** قورقماي ئويناڭلار، دەسمى مەندىن. ئۇتتۇرساڭلار يەنە كېلىڭلار. ھېلىغۇ ئۇتقۇنىڭلاركەن، سىلەرگە بەرگەن دەسمىيىمنىمۇ سىلەردىن ئالمايمەن، ھەممىسى سىلەرنىڭ. ئۇنى قۇرۇتىۋېتىش ئۈچۈن ئەسلى - ۋەسلىمدىن ئايرىلىپ قالسامۇ رازىمەن. بولدى، گېپىم تۈگىدى، چىقىپ كەتسەڭلار بولىدۇ.

**مېھمانلار:** (ھەممىسى قوزغىلىپ، كەينىچە مېڭىپ خوشلىشىپ، تەزىم بىلەن ماڭىدۇ.) خوش ئەمىسە ھاجىم ئاكا، خاتىرجەم بولسىلا تەقسىر.

**ھەممەت ھاجى:** (خىيال بىلەن) توختاڭلار. مۇشۇ بىر - ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭ ھازىرقى قورو - جايىبىلەن ئاشۇ مەن بىلەن تالاشتاقالغان ئۆيىنى قىمارغا تىكتۈرۈپ ئۇتۇپ كەلمىسەڭلار مېنىڭ ئالدىمغا كەلمەڭلار. مەن ئۇنىڭ كوچىدا لالما ئىتتەك سۆرۈلۈپ يۈرگىنىنى بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇر كۆرسەم، ئون يىل ئۈزۈن ئۆمۈر كۆرىمەن.

**مېھمانلار:** خوش، تەقسىر، شۇنداق قىلىمىز (چىقىپ كېتىدۇ)

**ھەممەت ھاجى:** (ئۆز - ئۆزىگە) ئوتتۇز مىڭ يۈەننى ئوغرى - قىمارۋازلارغا دەسمى سېلىپ سېنىڭ ئۈچ يۈز مىڭ كويلۇق ۋە جىڭنى - سېنى مەن بىلەن ئۆرىلەشتۇرگەن

تۇرگەن مال - دۇنيارىڭنى ۋەيران قىلدىم. يەنە شۇلچىلىك خەجلىسەمۇ مەيلى، سېنىڭ ھالىڭنى بىر كۆرەي. قېنى، ئەتراپىڭدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەنلەر ساڭا قانداق قىلىدىكىن؟ (چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېيىن تەبەسسۇم مەسخىرىسى ئىچىدە پەردە چۈشىدۇ)

## 4 - پەردە

(ياز، كېچە، ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ قورۇ-سى. ھېلىقى بىر توپ قىمارۋازلار قارت (ئەيجىكى) بىلەن قىمار ئوينىماقتا. بىر تەرەپتىكى ئۇستەلدە ئايشەم خېنىم مۈگدەپ، يەنە ئويغىنىپ، يەنە مۈگدەپ ئولتۇرىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى قىمار سورۇنىدىن قوپۇپ ئايالىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئايالىنى تۈرتۈپ ئويغىتىدۇ.)

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** ھەي، ھەي، قوپە.

**ئايشەم خېنىم:** (كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تەھدىت بىلەن) ھە، يەنە نېمە بولدى؟

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** (پۇلنى شەرەتلەپ) ئەپچىق جۇگۇ.

**ئايشەم خېنىم:** يوق، تۈگىدى. (قىمارۋاز-لار ئويناۋېتىپ بىر - بىرىگە شەرەت قىلىشىپ، يەر تېگىدىن ئۇلارغا قارايدۇ)

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** (ناھايىتى سەپرا، تەلەتى ئادەم يەيدىغاندەك ياۋۇزلىشىدۇ) مەن گەپ قىلغاندىكىن غىڭ قىلماي، غاچ قوپ. قولۇمنىڭ قېنى قېچىپ قالغاندا ھېلى باكا.

**ئايشەم خېنىم:** (يىغلامسىراپ) تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى، نېمىنى ئەپچىقىمەن.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** ھېلىقى ساندۇقتىكىنى ئەپچىق.

**ئايشەم خېنىم:** (كەينىگە داجىپ) ياق، ياق، ئۇنىڭدا بىزنىڭ ھەققىمىز يوق. ئۇ دېگەن شەۋكەتجاننىڭ سۈننەت تويىغا دەپ ساقلىغان پۇل. ئۇنى ئۇتتۇرۇۋەتسىلە، بالىنىڭ تويىنى نېمىدە قىلىمىز؟

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** (خوتۇنىنىڭ گېلىنى ياۋۇزلۇق بىلەن بوغىدۇ) بوش گەپ قىل، شۇم ئاغزىڭنى يىرتىۋېتىمەن. يەنە ئۇتتۇ-رۇشنىڭ كېپىنى قىلما. مەن ئابدۇرېھىم ھاجى ھاياتلا بولسام ھەممە مال - دۇنيا-رىمنى ھەسسىلەپ ياندۇرۇۋالىمەن. ئاڭلىدىڭمۇ، ياندۇرۇۋالىمەن. توي دېگەن-نى مۇشۇ خۇمپەرلەر، ئاۋۇ مۇناپىق ئالدى-دا پۈتۈن قەشقەرنى ھەيران قالدۇرۇپ قىلىپ بېرىمەن. ئەپچىق. (خوتۇنىنى سىلكىشلەپ قويۇۋېتىدۇ)

**ئايشەم خېنىم:** ماقۇل. (قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ، پايپاسلاپ ئۆيگە كىرىپ، لاتىغا چېگىلگەن بىر بولاق پۇلنى ئەپچى-قىپ بېرىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى خوتۇنىنىڭ قولىدىكى پۇلنى غەزەپ بىلەن يۇلۇپ ئېلىپ سورۇنغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. خوتۇ-نىغا ۋارقىرايدۇ) ماڭ جۇگۇ، ئاچچىق قىلىپ قىزىق چاي دەمله.

**ئايشەم خېنىم:** (مىشىلداپ يىغلاپ، ماقۇل (ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ).

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** ھە ئاغىنىلەر، جېنىم بار. ئالدىمنى قىلالايمەن دېگىنىڭلار ئوي-ناڭلار، بولمىسا سورۇننى پاخال قىلماڭلار.

**قىمارۋاز A:** پېقىرنىڭ ھەر قاچان ئالدى قىلىنغلىق.

**قىمارۋاز B:** سىلىنىڭ ئالدىلىرى قىلىنغ-لىق بولسا بىز تېخى ۋاشاڭ دېمەيمىز.

**قىمارۋاز S:** ئاتقان پورىڭلارنىڭ تېگى زادى قانچىلىك؟

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** نوچىلىق دېگەن ئۆز-گەرمەيدۇ. بۇرۇنقىدەك تېگى مىڭ كوي بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇنداق پارچە چاكىنا ئىش يوق.

**قىمارۋازلار:** ھېساب.

(ئۇلار ئويناشنى باشلايدۇ. ئايشەم خېنىم

ئۈنسىز، يامغۇردەك تۆكۈلۈپ قىمارۋازلارنىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى ئارقا - ئارقىدىن ئۇتتۇرۇۋېرىدۇ. جىلە بولۇپ بېشىدىكى دوپپىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. يەنە ئوينايدۇ. ئايشەم خېنىم بۇرۇنقى جايىغا بېرىپ يىغلاپ ئولتۇرۇپ بىردەمدە يەنە مۈگدەشكە باشلايدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى يەنە ئۇتتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، كۆڭلىكىنى سىلىپ چۆرۈۋېتىپ، يېرىم يالىڭاچ ئولتۇرۇپ ئوينايدۇ.)

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** قايسىڭلار قەرز بېرىپ تۇرۇسىلەر؟ (ھەممىسىگە قولىنى تەڭلەيدۇ. قىمارۋازلار ماتاڭ چىشلىۋالغاندەك ئولتۇرىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئېتىلىپ بېرىپ ئايالىنى بوغۇپ تۇرۇپ، قوللىرىنى قايرىپ بىلەيزۈك، ئۈزۈكلىرىنى بىر - بىرلەپ سۇغۇرۇپ ئېلىپ تاۋاكاغا ماڭىدۇ. ئايشەم خېنىم داد - پەرياد كۆتۈرۈپ ئابدۇرېھىم ھاجىغا ئېسىلىدۇ.)

**ئايشەم خېنىم:** ۋاي قانخور، قاتىل، ئۆلگۈر، بۇ مېنىڭ تويلۇق جابدۇقلىرىم، نېمە قىلماقچىسىڭ، ئەپكەل.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** (غالجىرلىشىپ مۇشت بىلەن خوتۇنىنىڭ ئاغزىغا بىرنى سالىدۇ، خوتۇنى ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ، يىقىلىپ چۈشىدۇ) يوقال كۆزۈمدىن.

(ئايشەم خېنىم ئاغزى - بۇرنى قان، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا ئۆمىلەپ تۇرۇپ، يىغلاپ - قاخشاپ ئۆيگە كىرىپ، ئۇخلاۋاتقان بالىنى چالا ئويغۇلۇق ھالدا سۆرەشتۈرۈپ، بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ يىغلاپ، يامانلاپ ماڭىدۇ).

**ئايشەم خېنىم:** (ھۆ تارتىپ يىغلاپ تۇرۇپ) مېنى ئۇرغان قولۇڭ قۇرۇپ كېتەر ئىلاھىم. مېنى، بالاڭنى قاخشاتساڭ، سېنى خۇدايىم قاخشىتار.

(ئايشەم خېنىم قارغاپ، يىغلىغانچە چىقىپ كېتىدۇ. قىمارۋازلار پۈتۈن ئېسىيادى بىلەن قىمار ئوينايدۇ. بىر چاغدا ئابدۇرېھىم ھاجى غالجىرلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيگە ئوقتەك كىرىپ كېتىپ بىر بوتۇلكا ھاراقنى غورتۇلدۇتۇپ ئىچىپ چىقىدۇ. قىمارۋازلاردىن بىرسى كېلىپ ھاراقنى تارتىۋالىدۇ).

**قىمارۋاز A:** قانداق، ھاجىم، ئوينامدۇق؟

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** ھەممىنى ئۇتتۇپ بولۇشتۇڭ خوتۇنمۇ كەتتى، ئەمدى قايسى پۇلغا ئوينايمەن. پۇل بولسا يانمايمەن. قېنى قايسىڭ ئون مىڭ كوي بېرىسەن؟

**مەست B:** (يېنىدىن باغلام - باغلام پۇل چىقىرىپ) كېلە، مانا مەن بېرىپ تۇرىمەن.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** قانچە پۇل بېرىپ تۇرىسەن.

**مەست B:** ئوتتۇز مىڭنى.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** (چۆچۈپ سەگەكلىشىپ) بۇنى ئۇتتۇرۇۋەتسەم، بېرەلمىسەم قانداق قىلىسەن؟

**مەست B:** سەندىن ئالالايمەن. پۇلنى بېرىپ بولغىچە ما قورو-جاي ماڭا قالىدۇ. پۇلنى بېرەلمىسەڭ ئۆيىنى بېرىمەن، بولمىسا ئۆي مېنىڭ بولىدۇ.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** بولدى، ھېساب، ئەكە پۇلنى. (باغلام - باغلام پۇلنى سانىمايلا ئېلىپ يەنە تاۋاكاغا كېلىپ ئويناشنى باشلايدۇ. بىر قانچە قول ئوينىغاندىن كېيىن ئابدۇرېھىم ھاجى توڭگۇزدەك ۋارقىراپ، غالجىرلىق بىلەن توۋلايدۇ. پىرقىراپ، بېشىغا مۇشتلاپ، يىغلاپ، يەرگە يىقىلىپ يۇمىلايدۇ).

**قىمارۋاز A:** ئابدۇرېھىم ھاجى، قوپ. مەرد ئوغۇل بالا دېگەن بۇنداق قىلمايدۇ، قوپ. مانا مەن ساڭا پۇل بېرىمەن (ھەممە قىمارۋازلار ئابدۇرېھىم ھاجىنى يۆلەيدۇ).

ئابدۇرېھىم هاجى: (پۇت - قولىدا جان يوقتەك سۆرۈلۈپ، بوغۇلۇپ يىغلايدۇ) ھەيھە مەن تۈگەشتىم. مېنى تۈگەشتۈردۈڭلار. ئەمدى ماڭا قەشقەر ھارام بولدى... ئەمدى قانداق قىلىمەن، ماڭا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن. ئەمدى ماڭا قەشقەر ھارام، يۇرت ھارام. بۇ يەردە مېنىڭ بارغۇدەك، تۇرغۇدەك يېرىم قالمىدى. ھەممىنى سىلەر تارتىۋالدىڭلار. ئەسلىدە سىلەر گاداي، مەن مەشھۇر باي ئابدۇرېھىم هاجى ئىدىم. مانا ئەمدى مەن گاداي، سىلەر مېنىڭ بايلىقىم بىلەن باي بولدۇڭلار، سىلەرنىڭ يۈرىكىڭلار تاشكەن، كۆڭلۈڭلار قارىكەن.

قىمارۋاز A: غەلۋەڭنى قوي، ئەمدى قىمار ئويىنىما.

ئابدۇرېھىم هاجى: راست گەپ قىلدىڭ. دېمىسەڭمۇ، ئەمدى قىمار ئوينىغۇدەك پۇلۇممۇ قالمىدى. سىلەرمۇ، باشقىلارمۇ، ھېچكىم مەن بىلەن قىمار ئويىنمايدۇ. چۈنكى مەن ئەمدى قاق سەنەم بولۇپ قالغان دىۋانە. سىلەر ھەممە مال - دۇنيا، ئۆي - جايلىرىمنى ئۇتۇۋالدىڭلار، ئىنساپ قىلمىدىڭلار.

قىمارۋاز A: ئەمدى سەن قىمار ئويىنايدىغانىنىڭ گېپىنى قويۇپ، دەرھال قەشقەردىن كەت، يىراقتا — ئىچكىرىدە تىجارەت قىل.

ئابدۇرېھىم هاجى: قانداق تىجارەت قىلىمەن، قايسى پۇلدا؟

مەست A: ئاۋۋال ھاراق ئىچمەيمەن، قىمار ئوينىمايمەن، قەشقەردىن كېتىمەن، دەپ ۋەدە قىل، مەن ساڭا پۇل بېرىمەن.

ئابدۇرېھىم هاجى: دېمىسەڭمۇ، شۇنداق قىلماسام بولمايدۇ، پۇلۇڭنى بېرەلمىسەم گەدىنىمدە قەرز قالامدۇ؟

مەست A: داداڭدىن ساڭا مىراس تەگكەن ئۆيگە مەن ئىگىدارچىلىق قىلىمەن. مانا يىگىرمە مىڭ كوي (بىر باغلام پۇل بېرىدۇ).

ئابدۇرېھىم هاجى: ئۇ ئۆينىڭ جىدىلى تۈگىمىگەن، ئاكام ئۇتۇۋېلىپ قالغۇدەك بولسا...

مەست B: خاتىرجەم بول، بۇ ئىشتىن ئاكاڭنىڭ خەۋىرى بار. ئەسلىدە ئۇ سېنى يالىڭاچلاپ قويۇشىمىزنى بۇيرۇغان. بىزمۇ مۇسۇلمان بالىسى. سىلەر قېرىنداش تۇرۇپ بىر - بىرىڭلارغا شۇنچە رەھىمسىز - كەنسىلەر، بۇنداق تۇغقانلار دۇنيادا يەنە بولماس.

قىمارۋاز S: بىزدىن ئاغرىنما. ساڭا قىلساق، بىزمۇ تارتىپ قالىمىز، شۇڭا ھەممىنى ئۇتۇۋالماي، ساڭا ئازراق نان بېرەيلى دېدۇق. شەرت: سەن قەشقەردىن دەرھال چىقىپ كەت. بىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغىنىمىزنى ئۆزۈڭ بىل. ئەگەر ئاكاڭ بىلىپ قالسا، ئۇ، قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان پەيلى يامان ئادەم، بىزنىمۇ قۇرۇتۇۋېتىدۇ. بالىلىرىمىزنى باققىلى قوي، مانا بۇنى ئال، ئەسلىدىكى ئۆزۈڭنىڭ مال - دۇنياسى. (ھەممىسى بىر - ئىككى باغلامدىن پۇلنى ئابدۇرېھىم هاجىغا بېرىدۇ.)

قىمارۋاز B: (يانچۇقىدىن ئابدۇرېھىم هاجىنىڭ ئايالىنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى چىقىرىپ بېرىدۇ) بۇ سېنىڭ ئايالىڭنىڭ تويلۇق مېلى. مەن ساڭا قىلسام بالىلىرىم تارتىپ قالمىسۇن يەنە. ئايالىڭغا ئۆز قولۇڭ بىلەن بەر. ئوغلۇڭنىڭ سۈننەت تويىغا بۇ پۇلنى بېرىپ خوشلاش.

قىمارۋاز A: شۇنداق قىل. ئەتىگەن سەھەر قەشقەردىن چىقىپ كەت.

ئابدۇرېھىم هاجى: (ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ قۇچاقلاپ، يىغلاپ خوشلىشىدۇ) رەھمەت ئاكىلار، ئىنسابىڭلارغا رەھمەت، ۋىجدانىڭلارغا رەھمەت. (ھەممىسى بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىدۇ، ئابدۇرېھىم تىز - لىنىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ.)

ئابدۇرېھىم هاجى: (مۇشتۇمىنى چىڭ

تۇگۈپ) خەپ ھىممەت ھاجى، جاھان ئۇزۇن. جايلايمەن دېسە بىلمەي، قانداق جايلاي- دىكىن، دەپ يۇرۇۋېرىپتىمەن، ئەمدى بىلدىم، خەير، ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت.

(پەردە چۈشىدۇ)

## 5 - پەردە

(ياز، كەچ، ئالىي دەرىجىلىك بەزمىخانا. غۇۋا، ئالا - يېشىل چىراغلار چاقناپ تۇر- غان سورۇندا سازەندىلەر تانسا مۇزىكىسى چالىدۇ. ناخشىچى قىز ناخشا ئېيتىدۇ. جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر تانسا ئوي- نايدۇ. ئەتراپقا قويۇلغان لۆم - لۆم ئورۇندۇقلاردا جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر ئىچىملىك ئىچكەچ مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدۇ. شۇ ھالەتتە پەردە ئېچىلىش بىلەن تەڭ سەھنىنىڭ بىر چېتىدىن ئالىي دەرىجىلىك كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، ساقىلىنى قوييۇۋەتكەن، بۇدرە چاچ- لىرى تولىمۇ ياراشقان، قارا كۆزەينەك تاقىغان، سۆلەتلىك ئابدۇرېھىم ھاجى بەز- مىخانىغا كىرىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ سەھنىگە كىرىپ كېلىشى بىلەنلا ياندىن بايان بېرىلىدۇ).

**ياندىن بايان:** سەككىز يىل غايىب بولۇپ كەتكەن ئابدۇرېھىم ھاجى قىياپى- تىنى باشقىچە ئۆزگەرتىپ، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن بىر توپ قولچوماقچىلىرى بىلەن قەشقەرگە مەخپىي قايتىپ كەلدى، قەشقەردە ئۇنى ھېچكىم تونۇمىدى، ئۇمۇ ھېچكىمگە تونۇشلۇق بەرمەي ئۆزىنى پىنھان تۇتۇپ يۈردى.

(ئابدۇرېھىم ھاجى مودا ياسىنىۋالغان ئىككى جۈپ قىز - يىگىت ئولتۇرغان ئورۇنغا كېلىدۇ. قىز - يىگىتلەر ئۇنى كۆرۈپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن ئورۇن بوشىتىدۇ، ئابدۇرېھىم ھاجى ئولتۇرۇپ ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن قالغانلار ئولتۇرىدۇ، بىر كۈتكۈچى قىز كېلىپ سورايدۇ).

**كۈتكۈچى قىز:** نېمە كەلتۈرەي.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** بىر ئىستاكان قەھۋە.

(كۈتكۈچى تازىم قىلىپ كېتىدۇ. مودا قىزدىن بىرى ئابدۇرېھىم ھاجىغا تاماكا تۇتىدۇ. يەنە بىر قىز چاقماق ياقىدۇ. كۈتكۈچى قىز پەتنۇستا بىر ئىستاكان قەھۋە ئەكىلىپ ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ ئال- دىغا قويۇپ قويىدۇ. تانسا داۋاملىشىۋېرىدۇ).

**مودا قىز A:** خوجايىن، قەييۇم ھاجىم دېگەن بالا بىر ئايدىن بېرى نېسىگە چېكىۋاتىدۇ، ھازىر ئون ئۈچ مىڭ يۈەن- لىك نېسى چېكىپ بولدى.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** پۇلنى بېرەلمەمدىكەن؟

**مودا قىز A:** پۇل دېسەملا يىغلاپ، كۆ- زىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ: سىلەر ئۆگەتتىڭلار. يېرىم يىلدا توت يۈز مىڭ يۈەنلىك چېكىپ بولدۇم، دادام بوۋامدىن قالغان ئۆينى ساتسا پۇلنى بېرىمەن دەيدۇ، يەنە تېخى ھە دېسىلا مېنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن دەيدۇ.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** ھازىرمۇ كېچىنى سەن بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتامدۇ؟

**مودا قىز A:** (ئۇيۇلۇپراق يەرگە قاراپ) ھەئە.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** بۈگۈن كەچمۇ كېلەمدۇ؟

**مودا قىز A:** ھەئە.

**ئابدرېھىم ھاجى:** قەرزنى تۆلىمىسەڭ چېكىدىغانغا ئەمدى بەرمەيمەن، كېچىنىمۇ سەن بىلەن ئۆتكۈزمەيمەن، دەپ ھەيدىۋەت.

**مودا قىز A:** ماقۇل.

**يىگىت A:** باشقا بەنگىلەرگە يەنە نېسى بېرەمدىم.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** بېرىۋەر.

**يىگىت A:** ھازىر نېسى تارقاتقان ئاق

تاماكا يەتتە يۈز مىڭ يۈەنلىك بوپتۇ. قولىمىزدا ئاران بىر يېرىم كىلو قالدى.

**ئابدۇرېھىم هاجى:** (ئىككى يىگىتكە قولىنى شىلتىپ) ئىككىڭلار هازىردىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىچىدە نېسىلەرنى يىغىڭلار، ئامال بار ھەممىنى يىغىڭلار. (قىزلارغا قولىنى شىلتىپ) هازىر قولۇڭلاردا بارنىڭ ھەممىسىنى ئەرزان بولسىمۇ ئامال بار نەق، بولمىسا ئەسلىدىكى باھا بويىچە نېسى بولسىمۇ قولدىن چىقىرىپ تارقىتىۋېتىڭلار. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭلار، بارغان يەردە ئەمدى سۇنايلىنىپ، سۆيگىلارنى چىقىرىپ ياتماڭلار، ئۈچ كۈندىن كېيىن قەشقەردىن چىقىپ كېتىمىز. گۇاڭجۇدىكى خوجايىن دەرھال قايتىڭلار، دېدى، بىلدىڭلارمۇ.

**ھەممىسى:** بىلدۇق.

**ئابدۇرېھىم هاجى:** تارقىلىپ قايتىڭلار. پېيىڭلارغا ئادەم چۈشۈۋالمىسۇن، ھېزى بولۇڭلار. (ھەممىسى ھەر تەرەپكە تارقاپ كېتىپ، ئابدۇرېھىم هاجى يالغۇز قالىدۇ. ئۇ، ئاغزىدىن تاماكا ئىسىنى هالقا ـ هالقا قىلىپ پۈرقىرىتىپ چىقىرىدۇ. كۆزەينەكىنى ئېلىپ) ھىمىت هاجى، سەن مېنى ئىككى يىلدا خامان قىلىپ ساماندەك سورۇغانىدىڭ. مەن يېرىم يىلدىلا ھەممە مال ـ دۇنيارىڭنى خروئىننىڭ ئىسىغا ئايلاندۇرۇۋەتتىم، ئەمدى قانداق قىلىسەنكىن، بىر كۆرۈپ باقاي. ھى ـ ھى ـ ھى.

(پەردە چۈشىدۇ.)

## 6 ـ پەردە

(ياز، كەچ، ھىمىت هاجىنىڭ ھويلىسى. سەھنە تۈزۈلۈشى 3 ـ پەردە بىلەن ئوخشاش. ھىمىت هاجى هالسىراپ قېرىغان. ئۈستىباشلىرى كونا، كىر ـ قاسماق بېسىپ كەتكەن. ئەتراپتىن نامراتلىق، بىچارىلىق چىقىپ تۇرىدۇ. قەييۇم هاجىم چوڭ بولۇپ بەگگە بولۇپ چىقىدۇ. پەردە ئېچىلىدۇ. قەييۇم هاجىم لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان ئانىسى شاراپەت خېنىمنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ سىلكىشلىمەكتە.)

**قەييۇم هاجىم:** پۇل بېرەمسەن، بەرمەمسەن؟ سەن قېرى، چوڭ دادامدىن قالغان ئالتۇنلارنى كۆمۈپ قويۇپ، مېنى قىيناپ ئۆلتۈرمەكچىمىدىڭ؟ مەن بۈگۈن كەچكىچە چەكمىدىم، يېرىم كېچىگىچە چەكمىسەم ئۆلىمەن. مەن ئۆلسەم، ھەر قايسىڭمۇ ئۇزاق ياشىيالمايسەن، ئۇ ئالتۇنلار كىمگە قالىدۇ، سەنەۋەرنىڭ ئېرىگە قالامدۇ.

**شاراپەت خېنىم:** (يىغلاپ) ئوبدان بالام، ھەممىسى تۈگىدى. بالام ئۆلۈپ كەتكىچە مەن ئۆلەي دەپ ئالتۇن هالقا، بىلەيزۈك، ئۈزۈكلىرىمنى سېتىپ ئاشۇ ئىپلاس ئاق تاماكىنى ئېلىپ بەردىمغۇ ساڭا.

**قەييۇم هاجىم:** يالغان. ئاشۇ ئالتۇنلارنى يوشۇرۇپ قالىمەن، دەپ مېنىڭ كۆزۈمنى باغلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ، چوڭ دادامدىن شۇنچىۋالا ئالتۇن قالسا، شۇنداق ئاسان تۈگەمدۇ؟

**شاراپەت خېنىم:** بۇ ئاق تاماكا دېگەن مەرەز تۈتۈنگە مۇز تاغ بولسىمۇ توشمايدىكەن بالام. خۇدا جېنىمنى ئالامدىكىن دېسەم، يا ئۆلمىدىم.

**قەييۇم هاجىم:** ئالتۇن بار يەرنى دەپ بەرمىسەڭ ئۆلگىلى قويمايمەن، ئۆلۈپمۇ قۇتۇلالمايسەن. ھەي جەددال قېرى، ئالتۇن نەدە؟ دەپ بەر دەيمەن!

**شاراپەتخېنىم:** ئوبدان بالام، ئەگەر مۇشۇ سېسىق جېنىم پۇلغا يارىسا، سېتىپ ساڭا تاماكا ئېلىپ بېرەتتىم. مېنى ئۆلتۈرۈۋەت بالام. (يىغلايدۇ)

**قەييۇم هاجىم:** ئۇنداق بولسا، ئۆيىنى سات ئەمىسە.

**شاراپەتخېنىم:** بالام، ئۆيگە مېنىڭ چىشىم پاتمايدۇ. ئۇنى داداڭدىن سورا.

**قەييۇم هاجىم:** دادام قېنى؟

**شاراپەتخېنىم:** باياتېخى بارتى، نەگەكەتتىكىن.

**قەييۇم ھاجىم:** (ئانىسىنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپ، ئەتراپقا قاراپ ئىزدەشتۇرىدۇ) دادا، دادا، قېنىسىن، مەندىن قاچما، مۆكۈۋالما، ھېلى تېپىۋالىمەن، چىق، چىق ئوغرى، ھېلى تېپىۋالسام بوغۇزلىۋېتىمەن. (يېنىدىن پىچاقنى ئېلىپ غالجىرلىق بىلەن تىمىسقىلاپ سەھنىنىڭ بىر چېتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.)

**شاراپەت خېنىم:** (يىغلاپ) بالا باقماي بالىنى بېقىپتىكەنمەن. ھۇ، ئۆيىمىزگە ئۈنگەن شۇمبۇيا. بۇ بەڭگىنىڭ خۇمارى تۇتسا ئادەم يەيدىغان يىرتقۇچقا ئايلىنىپ، غالجىرلىشىپ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. ئاستا جېنىمنى قاشقا ئالاي. (سەھنىنىڭ بىر چېتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. يەنە بىر چېتىدىن قەييۇم ھاجىم دادىسىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، پىچاق تەڭلىگەن ھالدا سۆرەپ چىقىدۇ. پىچاقنى دادىسىنىڭ كارنىيىغا تاقاپ تۇرۇپ ۋارقىرايدۇ.)

**قەييۇم ھاجىم:** ھە، تاپتىممۇ قېرى، نەگە مۆكەتتىڭ، قېچىپ قۇتۇلالامتىڭ، بوغۇزلىۋېتىمەن بىكار.

**ھەممەت ھاجى:** (يىغلامسىراپ يالۋۇرىدۇ) ئوبدان بالام، ئۇنداق قىلما، پەيلى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمە. دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولۇپ قالما.

**قەييۇم ھاجىم:** ئالتۇن نەدە؟

**ھەممەت ھاجى:** تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى.

**قەييۇم ھاجىم:** چوڭ دادامدىن شۇنچە جىق ئالتۇن قالغان تۇرسا.

**ھەممەت ھاجى:** ھەممىسى تۈگىدى، بالام.

**قەييۇم ھاجىم:** گېپىڭ راست بولسا، قەسەم قىلە ئەمسە.

**ھەممەت ھاجى:** مەن سېنىڭ داداڭ تۇرۇپ قەسەم قىلسام ساڭا ئوبدان بولمايدۇ. بالام، بەش ۋاق نامىزىمنىڭ، دادىلىق سۈپىتىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىشەن. راست تۈگىدى.

**قەييۇم ھاجىم:** ئەمىسە ئۆيىنى ساتىمەن.

**ھەممەت ھاجى:** ھە ... ھە ... بۇ ... بولى...

**قەييۇم ھاجىم:** (پىچاقنى يەنە ھەملە قىلىدۇ) نېمە ھە؟

**ھەممەت ھاجى:** (بوغۇلۇپ يىغلاپ) ماقۇل... ماقۇل، قاچان ساتىمەن.

**قەييۇم ھاجىم:** ھازىرلا.

**ھەممەت ھاجى:** ھازىرلا خېرىدار نەدە؟

**قەييۇم ھاجىم:** مەن تەييارلاپ قويغان، خېرىداردىن باھا تالاشمايسەن، تىلىڭنى چايناپ خېرىدارنى قاچۇرساڭ سويىمەن. (قەييۇم ھاجىم دادىسىنى سىلكىپ قويۇۋېتىپ چىقىپ كېتىدۇ. ھەممەت ھاجى ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالىدۇ. بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋات تېگىدىن ئارغامچا ئېلىپ، ئىشىك بېشىغا ئالدىرىماستىن سىرتماق سالىدۇ.

**ھەممەت ھاجى:** (ئۆز - ئۆزىگە) مەنمۇ دادامغا قىلغان، بالامدىن كۆرۈۋاتىمەن... ئۇمۇ دادا بولار ... ئۆيىنى بىكارغىلا ساتىدۇ. ماكانسىز بولۇپ تالادا قالغىچە مەڭگۈلۈك ماكانغا كېتىۋالاي، ئى خۇدا، ئۆزۈڭ ئەپۇ قىلارسەن. (يىغلاپ، بوغۇلۇپ سۆزلەيدۇ. ئاستا ئورۇندۇق قويۇپ، ئەستە ئورۇندۇققا چىقىپ سىرتماقنى بويىنىغا سالىدۇ.)


(ئۆيگە تۇيۇقسىز ئابدۇرېھىم ھاجى كىرىپ كېلىدۇ. ھېمەت ھاجى بويىنىدىكى سىرتماقنى تۇتقان ھالەتتە ئېسەنگىرەپ قالىدۇ.)


**ئابدۇرېھىم ھاجى:** ئالدىرىمىسىلا.

**ھەممەت ھاجى:** ئۆي ئالغىلى كەلگەن بولسىلا، مەن... مەن ئۆي ساتمايمەن. قەييۇم ھاجىم ساتىدۇ. سىلى ئۆي ئېلىشتىن بۇرۇن كېتىۋالاي.

**ئابدۇرېھىم ھاجى:** مەن ئۆي ئالمايمەن.

(ئاخىرى 50 - بەتتە)



(شېئىر)

ئورفات (ئافغانىستان)


مەن ئۇنى مەغرىبتىن مەشرىققىچە ھەممە كىشىدىن ئىزدىدىم، لېكىن ئۇنىڭ تۇرار جايىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. مەن بۇ يەردىن ئىزدىگەن نەرسەمنى تاپالمىدىم، لېكىن كاتتا ئەمەلدار بولۇشنى ئارزۇ قىلى- دىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شوتىغا ئېرىشەلىدى.

يېڭى ماشىنىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغانلار ئالىقاچان ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ بولدى؛ بايلىققا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغانلارنىڭ پۇلى بانكىلارنى توشقۇزۇۋەتتى.

پەقەت مېنىڭلا ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىدى. مەن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسە ھەققەتەن ئەتىۋارلىق، لېكىن مەن ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىمەن.

شۇنداق، مېنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنىم يېڭى ئىدىيە، يېڭى دۇنيا.

بۇ يەردە يېڭى رادىئو قوبۇللىغۇچ، يېڭى كىنو، يېڭى سائەت، يېڭى زىبۇ زىننەتلەرنىڭ



ھەممىسى تولۇق، لېكىن يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى تېما يوق.

بۇ يەردە نۇرغۇن شائىرلار نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىشتى، لېكىن ھېچقايسىسىدا يېڭى ئىدىيە يوق.

باھارنىڭ بىزگە ئېلىپ كېلىدىغىنى يەنىلا بىز تالاي قېتىم كۆرگەن ھەم پۇرىغان ئەشۇ گۈللەر.

بىز ئەسىرلەر بويى «گۈل ۋە بۇلبۇل» تېمىسىدا تەكرار - تەكرار شېئىر يازدۇق، ھېچقانداق يېڭى نەرسە ئىجاد قىلمىدۇق.

بىز كونا نەرسىلەردىنلا يېڭى تېما ئىزدىدۇق، بۇ، موماينىڭ يۈزىگە ھېلىلە ياغلىق ئارتىپ قويغاندەك ئىش بولدى.

بۇ يەردە ئانىلار يېڭى ئوغۇللارنى تۇغدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كاللىسىدا يېڭى ئىدىيە تۇغۇلمىدى.

بۇ يەردە ئايالار كوچىغا چىقالايدىغان بولدى، لېكىن مېڭىمىزدىن يېڭى تېما چىقمىدى.

بۇ يەردە ئۆرپ - ئادەت تۇپەيلىدىن، قىزلار دادىلىرىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، قېرى قىز بولۇپ كەتكەندىلا ئەرگە تەگلەيدۇ.

بۇ يەردە ئەلچىلەر كونا ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىدىكى ئۆيلەرگە كىرىپ - چىقىپ يۈرىشىدۇ، ئاتا - باللىق مۇناسىۋەت يېڭى ئىدىيىدىن بازارلىق.

بۇ يەردە كونا قاراشلار مومايلارنىڭ گۈلەنگۈچلىرىدە چايقالماقتا، ئېيتىدىغىنى يەنىلا كونا مۇقام.

بۇ يەردە خەير - ئېھسانغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگۈچىلەر مىليونېر بولىدۇ، ئىلىمنىڭ سۇنىقىنى بىلمەيدىغانلار ئىدارە باشلىقى بولىدۇ.

خوتۇنىنىڭ ھەيۋىسى ئېرىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن، موللىلار ھاراقكەشلەرگە ئۈلپەت بولۇۋاتقان بولسىمۇ، تېخىچە يېڭى ئىدىيە، يېڭى تېما تېپىلمايۋاتىدۇ.

باللار تۇغۇلۇشى بىلەنلا بوۋايلارغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار كونا دەۋرنىڭ بۆشۈكلىرىدە يېتىپ، قەدىمكى ناخشىلىرىمىزنى ئاڭلايدۇ. ئۇلارنى مومايلار باقىدۇ. ياشلىرىمىز ساقىلىنى پاكىز قىرىۋەتمىسە، بوۋايلارغىلا ئوخشايدۇ.

بىز بېشىمىزغا يېڭى دوپپىلارنى كىيىۋاتىمىز، لېكىن يېڭى ئىدىيىنى رەت قىلىۋاتىمىز؛ بىز يېڭى شەھەرلەرنى بىنا قىلدۇق، لېكىن ئۇ يەردە تۇرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بوۋايلار، سۆزلەيدىغىنى ساپ كونا ھېكايىلار.

بىز بوۋايلارنىڭ يىغىلىشىدا قەدىمكى ناخشىلارنى ئېيتىمىز، بوۋايلارنى ياشلارنىڭ نادان ئۇسسۇلىغا سالىمىز.

مەن ئارزۇيۇمغا ئېرىشەلمىدىم. مەن يېڭى ئىدىيىنى باشقا جايلاردىن ئىزدىشىم كېرەك.


بۇنداق يېڭى ئىدىيە كونا ئادەملەر ئارىسىدا بولمايدۇ.

80 ياشلىق بوۋاي يېقىندىلا ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ بەربىر بوۋاي. قېرى ئادەم ھەرقانداق يېڭى كىيىم كىيىۋالسىمۇ، بەربىر قېرى ئادەم، ئۇ كونا شەھەردىن يېڭى شەھەرگە كۆچۈپ كىرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆي بىساتلىرى ئۆزى بىلەن بىللە كىرىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى يېڭى، لېكىن ئىدىيىسى كونا. ئۇلار يېپيېڭى ئۆيلەردە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلاردىن يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى تېما چىقمايۋاتىدۇ.

تۇرنىسا تۇردى تەرجىمىسى

كۈن نۇرىدا    ئابلىزخوجامنىياز فوتوسى




《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1993-يىل 4-سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主管：新疆维吾尔自治区文化厅
主办：新疆维吾尔自治区群众艺术馆
编辑：《新疆文化》杂志编辑部
印刷：新疆新华印刷三厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋىي سەنئەت يۇرتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65-1073/1
本刊代号：58—22 • 定价：伍角

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1073/1
ۋەكالەت نومۇرى: 22-58. باھاسى: 0.50 يۈەن



ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن: «ئالتۇن كەش» (مايبوياق رەسىم)
ئابدۇشۈكۈر كېرىم سىزغان